قۇربان توختى



# يۈرەككە تۇتاشقان يول

قۇربان توختى

# يۇرەككە تۇتاشقان يول

مەسئۇل مۇھەررىرى:   ئابلەت جۇمە

# مۇندەرىجە

ئارالدا ئاي چاقنىدى ............................ 1
يۇرەككە تۇتاشقان يول ............................ 14
كىتاب، پەرىشتە، بايلىق ............................ 27

# كىرىش سۆز ئورنىدا

(مەسئۇل مۇھەررىردىن)

«ھايات يولى ئەنە شۇنداق ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ، سەن بۇ ھاياتتا تۇرلۇك، تۈمەن سىناقلارغا دۇچ كېلىسەن، سېنىڭ قەدىرلىنىشىڭ ياكى خارلىنىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشىڭگە ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ...» قاراڭ بۇ، پېرسوناژ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنىڭ ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا، ئاپتورنىڭ قەلبى ئاستىدا تاۋلانغان ۋە نۇرلانغان يۈرەكلەرنىڭ نىداسى!

ئەمدى سىز مۇنۇ قۇرلارغا قاراڭ:

«تۇرۇۋا سۇيى ئادەمنىڭ پېيىنى بوشىتىپ، كارغا يارىماس قىلىپ قويىدۇ، چۈنكى تۇرۇۋا سۇيى ئۆلۈك سۇ، ئاپتاپ كۆرمىگەن سۇ ئەركەك سۇ ئەمەس». بۇ خېلى يىللار ئىلگىرىكى سۆز، ئەمما، ھازىر مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىدىغان ئادەمنى تاپالامسىز؟ مانا بۇ ئۆتكەن زامان بىلەن ھازىرقى زامان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئۇ سۆزلەر ئۆتكەن زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى قاراش، يەنى ئىدىيە تارىخى، ئۇ ھازىر بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى، ھالبۇكى، ئاپتور بۈگۈن كىشىلەرنىڭ ئۆچۈۋاتقان ئاشۇ ئىدىيە تارىخىنى مەڭگۈلۈك قىلىپ قەلەمگە ئالغان ۋە تارىخ بابىغا قىستۇرۇپ قويۇشنى شەرەپ تۇيغۇسى بىلەن ئادا قىلغان...

ئەگەر بىر قەلەندەر تىلەپ تاپقان پۇلىغا كىتاب سېتىۋالسا، كىتاب ئوقۇسا سىز ھەيران قالامسىز؟ مۇبادا سىز ھەيران قالسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزگە مەن نادانمۇ ـ نېمە؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ بېقىڭ! جاۋاب تاپالماي قالسىڭىز، مۇنۇ سۆزلەرنى يادلاپ تۇرۇڭ: «ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا كىتاب ئوقۇسا مەغرۇرلۇق،

ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنالايدۇ؛ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا، مەيۈسلەنمەستىن بېلىنى قايتا چىڭ باغلاپ، قەيەردە يىقىلغان بولسا، شۇ يەردە ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ؛ بىكار چاغلىرىدا كىتاب ئوقۇسا، ئادەتتىكى چاغدا «ئىبادەت» قىلغاندەك بولىدۇ - دە، جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە «ياسىن سۈيى» ئىچكۈزۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ؛ ئالدىراش چاغدا كىتاب ئوقۇسا، قۇۋۋەت دورىسى تولۇقلاپ تۇرغاندەك بولىدۇ؛ مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا، ئەسلى ئاشىقىم كىتاب ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ؛ ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇش — ئادەملىك پەزىلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى، تۈۋرۈكى، يىلىكىدۇر!».

مانا بۇلار كىتاب ئوقۇشتىن، كىشىلىك تۇرمۇشتىن مۇجەسسەم بولغان ھاسىلات، ھايات مۇشۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىكنىڭ ئاتىسى، ياش ھەۋەسكار قۇربان توختى ھاياتنىڭ تۇرمۇش قاينىمىدىكى ئاشۇنداق رەڭدار جۇلالىرىنى، سىز ۋە مەن ھېس قىلمىغان ئىنچىكە، گۈزەل كارتىنىلارنى ماھىرلىق بىلەن سۈزۈپ، قولىڭىزدىكى بۇ سوۋغاتقا مارجان قىلىپ تىزغان، ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ياراتقان مۆجىزىلەر جايى - جايىدا كۆمۈلۈپ قالماسمىدى؟! تەسىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىرى يوقىلىپ كەتمەسمىدى؟! ئەگەر مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىسساخانغا ئوخشاش ئۇلۇغلىرىمىز بۈيۈك قامۇسلاردا ئەجىر - ئىزنالارنى پۈتۈپ قويمىغان بولسىمۇ، بىز بۈگۈن يەنىلا بىز بولالىتتۇق دېيەلەيمىزمۇ؟ بەس!

شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن قۇربان توختىغا، ئەجىر - ئىزنالار ئارقىلىق، ئۆز خەلقىگە ساپ قان تەقدىم قىلغان ۋە ياخشى نىشان تاللاپ بەرگەن بۇ كىتابتىكى پېرسوناژلارغا چىن قەلبىمدىن ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن.

ھۆرمەت بىلەن: **ئابلەت جۇمە**

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قەشقەر

# ئارالدا ئـاي چاقـنـدى

## 1

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي، ئۆزىنى باشقا جايغا يۆتكەيدىغانلىق توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلاپ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالغان خۇدابەردى ھەسەن ئارال يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەينلەنگەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا تۇيغۇلىرىدا جىددىيلىك پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمىدى.

ياقائېرىق يېزىسىدىكى كىشىلەرمۇ «بۇ يالغان بولۇپ قالغىيدى، ئىلاھىم!» دەپ ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا قېپقېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇنىڭمۇ، كىشىلەرنىڭمۇ ئۈمىدى، ئارزۇسى بىر بولۇپ، خىزمەت، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يېتىلگەن بۇ ئورتاقلىق ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ قويغانىدى. راست، ئۇ ياقائېرىق يېزىسىدا ئون يىل رەھبەر بولدى، ئىگىلىك تىكلىدى، دېھقانلارنىڭ يوقىنى بار قىلدى، يېزىنى تۇرلۇك ئىشلاردا ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا كىرگۈزدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ تۇرلۇك خىزمەتلەردە ئۇدا بىرقانچە قېتىم قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، يەكەن ناھىيىسى بويىچە ئىلغار بولۇپ مۇكاپاتلاندى، بۇ نەتىجىلەر ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن

مېۋىسى ئىدى؛ مانا ئەمدى ئاشۇ شېرىن مېۋىدىن دېھقان قېرىنداشلىرى بىلەن ئورتاق بەھىر ئالىدىغان چاغدا، جەمئىيەت ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، ھەممە ئىش چۈشكە ئايلانغاندەك بولۇپ قالدى. دېھقانلارنىڭ ئۇنى ئارزۇلاپ قېلىشىنىڭمۇ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ بۇ يەردىن ھېچيەرگە كەتكۈسى يوق ئىدى... مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تىنچلىقىمۇ بۇزۇلدى.

لېكىن، رېئاللىق ئالدىدا خۇدابەردى ھەسەن ئاھ ئۇرۇش، شەرت قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىدى-دە، يېڭى خىزمەت ئورنى — يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىغا باردى...

## 2

ئارال يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، تۇپرىقى زەي، كىشىلەرنىڭ ئادەت قاتلىمى ۋە ئىدىيىۋى ھالىتى مۇرەككەپ ئىدى، بۇ يەردە يەرلەرنىڭ زىرائەت تاللاشقانلىقى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، ئادەملەرنىڭمۇ ئادەملەرنى تاللاش - شاللاشچانلىقى كۈچلۈك ئىدى، مۇتەئەسسىپ ۋە يۇرتۋازلىق قاتارلىق بىر قاتار قالاق ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسارىتى سىرتتىن بارغان كىشىلەرنى ئاسانلىقچە سىغدۇرمايتتى، خۇدابەردى ھەسەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايتتى، ئەمما، خۇدابەردى ھەسەن ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىشقا، ئىجابىي، جانلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا ماھىر كەلدى.

بۇ يېزىدا تەبىئىي يېتىشسىزلىكلەردىن باشقا، يېزا

رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقسىزلىق ھادىسىلىرى ئېغىر ئىدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا خىزمەت قىزغىنلىقى كەمچىل بولۇپ، ئۆزئارا قوسۇر ئىزدەش ئەۋج ئالغانىدى. ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان يەنە بىر ئىش — يېزىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قالغان 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن قەرز مەسىلىسى ئىدى. مانا بۇ نۇرغۇن باش ئاغرىقى ۋە ئاۋارىچىلىقنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى، خىزمەتكە كىرىشە- كىرىشمەيلا بىر - بىرلەپ يولۇققان بۇ ئىشلاردىن ئۇ خېلىلا ئۈمىدسىزلەندى. ئەمما، پارتىيىلىك مەجبۇرىيەت ۋە ئۆزىگە ئىشىنىپ تاپشۇرۇلغان مۇقەددەس ۋەزىپە ئالدىدا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقاتقۇسى كەلمىدى.

دەسلەپتە ئۇ قايسى ئىشنى قىلىشنى بىلمىگەندەك تۇرۇپ قالدى ۋە قايتا - قايتا ئويلاندى، ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۇ، يەنە، ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن سەمىمىي يوسۇندا سىرداشتى، ئەھۋال ئۇقتى، ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە رەھبەرلىك قاتلىمى ۋە كادىرلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى، دېھقانلار بىلەن كادىرلار ئارىسىدىكى ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىكلەرنى بايقاپ، تۈزىتىش ئۈستىدە ئىزدەندى، بىر نەچچە ئاي كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، جانلىق خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، كادىرلاردا بېرىلىپ ئىشلەش، خىزمەت ئورنىنى قەدىرلەش، سۆيۈشتەك قىزغىنلىق بارلىققا كەلدى، يېزا

خىزمىتى تەدرىجىي جانلاندى ۋە بارا ـ بارا ياخشىلاندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى چېكىنىشتىن توختاپ، يېڭىچە يۈزلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت ۋە رولىمۇ قايتىدىن جانلىق ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.

## 3

خۇدابەردى ھەسەن يېزىنىڭ ھەرساھەدىكى خىزمەتلىرىنى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى، يېزا بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى ئاران ئون نەچچە كىلومېتىر بولسىمۇ، ناھىيە بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتىمۇ چوڭ ئىدى. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇش ساپاسى، ئاڭ، تۇيغۇ دەرىجىسى، دۇنيا قاراش ۋە ئۈچۈر قارىشى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى، ئۇ نادانلىقنى تۈگەتمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، مەدەنىيەتلىك بولماي تۇرۇپ ئالغا باسقىلى ۋە تەرەققىي قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ جەھەتتىكى چىقىش يولى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ، كۆپ قېتىم مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈردى، بىر قېتىم ئۇ، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ قايتتى ۋە مەكتەپتە كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە بولدى. ئۇنىڭ خىيالى چېچىلدى، ئىشخانىسىدىمۇ، يېزا قورۇسىدىمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى، كونا، خەتەرلىك دەرسخانىلاردا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان

ئوقۇغۇچىلار، تار، زەي ئىشخانىلاردا ئون نەچچىدىن ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلاۋاتقان، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار، شاخ - شۇمبا بىلەن قاشا قىلىنغان قورۇ تاملار، يانپاش بولۇپ قالغان مەكتەپ دەرۋازىسى، ھەتتا سىرىق دۆۋىدىكى شۆبە ئوتتۇرامەكتەپتە ئوچۇقچىلىق ۋە داق يەردە توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلار... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تەكرار-تەكرار ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئازادە، يورۇق، ئەسلىھەلىرى بىرقەدەر تولۇق بولغان ئىشخانا، ھازىرقى زامانغا لايىق قىلىپ ياسالغان يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا سېلىشتۇرما قىلىندى، «مانا بۇنىڭ بىرسى — بۇ ئانا ماكاندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى، يەنە بىرسى — مۇشۇ يەردىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان قورۇسى!» دېۋەتتى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا. بۇ سېلىشتۇرما ۋە تۇيغۇلار ئۇنىڭ قەلبىدە كەسكىن توقۇنۇش ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلدى. . . ئەمما، نېمە دېگەن بىلەن يېزىنىڭ مائارىپ راسخوتىدا ھازىرنىڭ ئۆزىدە 480 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ بولغانىدى. بۇ باشنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ قاتۇرىدىغان ئىش ئىدى. خۇدا بەردى ھەسەن كۆڭلىگە پۇككەن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى. ئارال يېزىنىڭ گۈلباغ يېزىسى تەۋەسىگە ئۆتۈپ قالغان 30 مو زەي، تاشلاندۇق يېرى بار ئىدى، ئۇ، مانا مۇشۇ يەرنى سېتىپ مائارىپ راسخوتى قىلىش قارارىغا كەلدى ھەمدە دەرھال كۈچ تەشكىللەپ، يەرنى 750 مىڭ يۈەنگە ساتتى. . . ئۇ بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، تۈرلۈك يوللار بىلەن مائارىپقا راسخوت توپلاشنى توختىتىپ قويمىدى.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى، مانا مۇشۇ ئۈچ يىلدا ئۇ ئىلگىرى - ئاخىرى مائارىپقا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن

خەجلىدى، ھەتتا، مائارىپ راسخوتىنى پىلاندىكىدىن يەتتە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. . . مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەقىدە ئۈنۈملۈك بولدى. ئىككى مەكتەپ قۇرۇلۇشى رېمونت ئارقىلىق ئەسلىگە كەلدى. تۆت مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭىدىن سېلىندى؛ شۇنداق قىلىپ، يېزا بويىچە يېڭىلانغان ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ مەكتەپلەرنىڭ پارتا - ئورۇندۇق مەسىلىسىمۇ يىلمۇيىل، ئومۇمىيۈزلۈك ھەل بولدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار توپا - تۇماندىن قۇتۇلدى ۋە ياخشى ئوقۇش-ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ يەنە، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى تۇتۇشنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويمىدى، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى كۈچەيتتى، ئۆتكەللەرنى چىڭ ئىگىلىدى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي بىلىم بېرىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى، ئوقۇغۇچىلاردىمۇ بىلىمگە، كەلگۈسىگە ئىنتىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشتى ۋە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىغا يىلىغا 700 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا بارالىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىغا يىلىغا 500 يۈەن، ئىشچىلار تېخنىك مەكتەپلەرگە بارالىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىغا يىلىغا 300 يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈردى؛ بىر ئوقۇغۇچىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە بارالىغان ئوقۇتقۇچىغا 100 يۈەن مۇكاپات بېرىشنىمۇ تۈزۈملەشتۈردى، 1996-، 1997-يىللىرى 26 نەپەر ئوقۇغۇچى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئۆتۈشتەك تارىخىي نەتىجە «ئارال يېزىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىدى.

# 4

يېزا خىزمىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇدىن مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن خۇدابەردى ھەسەن ئارال يېزىسىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ سۇغا بولغان باشقۇرۇشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتى. بۇ يېزىنىڭ سۇ مەنبە مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇن، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك ئەھۋالىغا ئاساسەن، يەتتە كەنتنى ئاساس قىلىپ، ئىككى يىلدا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 28 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىدى، 123 ئورۇنغا چوڭ - كىچىك توما - تاقاق، قۇرۇلما ياسىدى، يېزىنىڭ ئېچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش قىيىن بولسىمۇ، جۈرئەتلىك بولۇپ، 1994 - يىلى ياسالغان سۇ مۇنارىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللاندى، خېلى زور بىر قىسىم مەبلەغنى سەرپ قىلىپ، يېڭىدىن 700 ئائىلىگە تۇرۇبا تارتىپ، يېزا بويىچە تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان ئائىلىنى 1400 گە يەتكۈزدى.

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىدا قىلغان نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلىرى، پائالىيەتلىرىنى بۇيەردە بىرمۇبىر ئەسلەپ ئۆتمىسەكمۇ بولىدۇ، پەقەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىدىن باشقا، يېزىنىڭ بىر قانچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدايارىتقان سان - سىپىرلارغا نەزەر سالساقلا، ھەممە ئىش نامايان بولماي قالمايدۇ؛ ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن دېھقان تېخنىك، بالا تېخنىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا مەبلەغ سېلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرغاند-

لىقتىن، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل قولغا كەلدى. يېزىنىڭ 1997 - يىلدىكى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 21 مىليون 781 كىلوگرامغا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 37 مىڭ 292 دەنگە، چارۋا 41 مىڭ 670 تۇياققا، ئومۇمىي كىرىم 51 مىليون 213 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 1658 يۈەنگە يەتتى. بۇلارنى 1995 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 مىليون 169 مىڭ كىلوگرام، 7798 دەن، 1870 تۇياق، 7 مىليون 834 مىڭ يۈەن ئاشتى.

## 5

كىشىلىك ھايات مېھرى - مۇھەببەتكە مۇھتاج، خەلق ئەزەلدىن قەدىرلىگەننى قەدىرلىگەن؛ خۇدابەردى ھەسەن ئۈچۈن ئالغاندا بۇ ئىككى يەكۈننى — ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن قول ئاستىدىكى ئاۋامغا تەدبىقلىسا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ھۈجەيرىسى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۈۋرۈكى ئاتا، خۇدابەردى ھەسەنمۇ دەل شۇنداق ئاتا، ئۇ، ئاۋام ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، ئەمما ئائىلىسى ئۈچۈنچۇ؟

خۇدابەردى ھەسەن نەۋرە يۈزى كۆرگەن شۇ يېشىدا ئىللىق ئائىلىسىدىن ئايرىلدى، ئائىلىسىدىن 60 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ياتاق تۇتۇپ ئىشلەشكە كۆنۈكۈپ قالدى، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى ئۇنىڭ نۇرغۇن شەخسىي ئىشلىرىنى ئويلاشقا، ئورۇنلاشتۇرۇشقا پۇرسەت بەرمەي كەلدى، ئۆزى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئارال خەلقىنىڭ خىزمىتى ۋە دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تەقدىم قىلىپ، كىشىلەرنىڭ

ئەقىدە قىلىشى ۋە قوللىشىغا سازاۋەر بولدى. خۇدابەردى ھەسەن يالغۇزلۇق تارتقان چاغلاردا پۇشۇقۇنمىدى، زارلانمىدى، مېھرى - مۇھەببىتىنى سەرپ قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى.

1996 - يىلى ئەتىياز، كېۋەز تېرىلغۇسى تازا ئالدىراش مەزگىلگە قەدەم قويغان چاغ ئىدى، خۇدابەردى ھەسەننىڭ ئايالى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ خەۋەر ئۇنى بىئارام قىلغان بولسىمۇ، يوقلاپ بارىدىغانغا پۇرسەت يوق ئىدى، ئەمما، ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن خەۋەر ۋە چاقىرتىش ئاخىرى ئۇنى تەمتىرەتتى.

— نېمىلا بولسۇن ئۆيلىرىگە بېرىپ كەلسىلە، خۇدابەردى شۇجى، — دېدى باشقىلار تەۋسىيە قىلىپ، — ئۆيلىرىگە بازماي ئىشلەۋاتقانغا خېلى كۈنلەر بولدى، خىزمەتمۇ مۇھىم، ئۆي ئىچى، بالا - چاقىلارنىڭ سالامەتلىكى، بىخەتەرلىكىمۇ مۇھىم...

ئۇلارنىڭ دەۋىتى نەتىجە بەردى، خۇدابەردى ھەسەن ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىپ، ئايالى ۋە باللاردىن ئەھۋال سوراپ تۇرۇشىغا ئالمەت يېزىسىدا ناھىيە بويىچە ئىش ئۇستى يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ باردى. ھازىر تۇرۇۋاتقان جايىدىن 110 كىلومېتىر، ئارال يېزىسىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئالمەت يېزىسىدا بولىدىغان يىغىنغا ۋاقتىدا بېرىش ئۈچۈن، ئۇ دەرھال ئۆز يېزىسىغا قايتىشى، تەييارلىقلارنى پۇتتۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئېغىراپ ياتقان ئايالىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە ئىلتىجالىق قارىدى ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ئاندىن ئايالىنى باللارغا تاپىلاپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ ياتاققا ئالدۇرۇپ داۋالىتىشنى جېكىلىدى.

ئايالى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئۇ ئايالنىڭ ئەقىدە تۇپەيلىدىن تارتىۋاتقان ئازابى ۋە يىغىسىنى چوڭقۇر چۈشەندى. خۇدابەردى ھەسەننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، پۈتۈن جىسمى ئوت ئالغاندەك بولدى. ئەمما، خەلق خىزمىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ھەممىنى ئارقىغا تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ ئېچىدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئەپۇ قىلىشىنى نەچچە قېتىم تىلىدى. . .

ئەنە شۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە، تاغىسىنىڭ ئايالى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇ كىچىكىدە ئاشۇ ئايالنىڭ نۇرغۇن تەربىيىسىنى كۆرگەن، ئاش - تامىقىنى يېگەن، ئەمما، ھاياتلىقتا، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۆز گەردىنىدىكى قەرزىنى - پەرزىنى ئادا قىلىشقا پۇرسەت چىقىرالمىغانىدى. ئەپسۇسكى، مانا ئەمدى ئۇ، ئۇنىڭ نامىزىغىمۇ بارالمىدى؛ بۇ بىرلا قېتىملىق ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئارىسىدا ئۇنداق ئىشلار تالاي يۈز بەردى، ئەمما، ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەقەللىي قائىدە - يوسۇنلارنى بىۋاستە قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتالمىدى. ھېيت - بايراملاردىكى پەتە، كەلسىلە، باسىلىمۇ نېسى قىلىۋەردى، ئالدىراش كۈنلەر، تۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى، ئەمما، ئالدىراش تۈگەپ كەتمىدى، خۇدابەردى ھەسەنمۇ ئۇنىڭ ھەرقانداق بېسىملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدى.

× × ×

1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئارال يېزىسىدىكى 13 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئاممىنىڭ مەڭگۈ

ئىسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان پائائجىئەلىك قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، بۇ كۈنى تويغا مېھمان ئېلىپ ماڭغان بىر تراكتور دەريا كۆۋرۈكىدە ئۆرۈلۈپ كېتىپ، 39 ئادەم قازا قىلدى. مانا شۇ چاغدا، خۇدابەردى ھەسەن ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتاتتى، ئەسلىدە ئۇ شۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم پەيدا بولغان، ئەمما، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ئالدۇر ۋۇۋىتىشكە پۇرسەت بولمىغان يوتا قىسمىدىكى ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانىدى. بايىقى شۇم خەۋەر ئۇنى كارىۋىتىدا جىم تۇرغۇزمىدى، ئۇ ئاخىرى مەسئۇل دوختۇرنى تېپىپ قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى قويدى.

— ئالدىرىسىڭىز بولمايدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي تېخى ئەسلىگە كەلمىدى، ئاز دېگەندىمۇ يەنە بىر ئاي ياتمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر قەتئىي ھالدا.

ئۇ ئاقساپ مېڭىپ دوختۇرخانا ئالدىغا چىقىپ ئارال يېزىسىغا تېلېفون ئېلىپ، قازاغا يولۇققانلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى، لېكىن، خىيالى ھەمىشە چېچىلىپ، تۇزۇكرەك ئارام ئالالمىدى، قايغۇ ۋە ئېچىنىش ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى توختاۋسىز بۇزدى. ئۇ، دوختۇر بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلاشتى، دوختۇر ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بولماي، باشقىلار ئۈچۈن جان كۆيەرلىك قىلىشتەك پەزىلىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى ۋە مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلدى.

ئۇ، يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇدۇل يېزىغا بېرىپ، قازاغا يولۇققانلارنىڭ ئائىلىسىگە بىرمۇبىر كىرىپ، دەردىنى ئاڭلاپ، تەسەللى بەردى. دېھقانلار ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجانابلىقىنى چىن يۈرىكىدىن ماختىدى.

## 6

ئىلگىرى ئۇ ئارال يېزىغا كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئۇنى چۈشەنمىگەن بىر قىسىم كىشىلەر «ئۇمۇ ھەقىچان يانچۇقىنى تومىلاپ بولۇپ، بىزنى قەرزگە بوغۇپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ» دەپ گۇمان نەزەرى بىلەن قارىغانىدى. بۇ ياقائىبرىق خەلقىنىڭ ھەققانىي ساداسى بىلەن زىتمۇزىت قاراش ئىدى. پاكىت ۋە رېئاللىق ئۇلارنىڭ گۇمانىنى يورۇق قىلدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئىسلاھاتنىڭ ئايرىم كاۋاكلىرى بولغانلىقتىن، بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئىرادىسى ئاجىز بىر قىسىم كىشىلەر پۇلنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بۇنى قىسمەن ئەھۋال دېسىمۇ بولىدۇ. خۇدابەردى ھەسەن توغرىسىدا گەپ بولغاندا بىر دېھقان مۇنداق دېدى:

— ھازىرقى ئەھۋالدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز نەپسىگە چەك قويالايدىغان بولۇشى ئەڭ چوڭ ئىقتىدار ۋە پەزىلەت! ھاياتنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلىرى ۋە ئازدۇرۇشلىرى ئارقىسىدا پاك، ئادىل رەھبەر بولماقمۇ ئاسان ئەمەس. لېكىن، خۇدابەردى ھەسەن شۇجى مۇشۇ تەس ئىشنى ئىزچىل قىلىپ كەلدى...

1997 - يىلى باھاردا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سۈپىتىدە مەسىلە سادىر قىلغان ئىككى كەنتنىڭ مەسئۇلى ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خۇدابەردى ھەسەن ئۆيدە يوق پۇرسەتتە، بىر پارچە گىلەمنى ئاپىرىپ قويۇپ قايتتى، ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە، خۇدابەردى ھەسەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇلارنىڭ سوۋغىتىنى قولىغا قايتۇرۇپ بەردى.

— كەمچىللىكنى سوۋغا بېرىش بىلەن تۈزەتمەكچى بولغىنىڭلار ياخشى بولماپتۇ، — دېدى ئۇ ھېلىقى ئىككى

كىشىگە، ــ مەن سىلەرگە پۇرسەت بېرەي، ياخشى ئىشلەپ بېتەرسىزلىكنى يۇيۇڭلار، شۇ چاغدا، مەن سىلەرنىڭ سوۋغىتىڭلارنى قوبۇل قىلسام كېچىكمەسمەن؟! لېكىن، ئۇ چاغدىكى سوۋغا گىلەم ئەمەس، قىممەت باھالىق باشقا ماددىي نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى، بىرقانچە كىلوگرام ئۆرۈك ـ شاپتۇل، بىرقانچە دانە قوغۇن ـ تاۋۇز بولسا كۇپايە.

ھېلىقى ئىككى كىشى خىجىل بولۇپ يەرمۇيەر بولۇپ كەتتى ۋە ياخشى ئىشلەپ، نەتىجە يارىتىش توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

× × ×

ھايات يولى ئەنە شۇنداق ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ. سەن بۇ ھاياتتا تۇرلۇك ـ تۇمەن سىناقلارغا دۇچ كېلىسەن، سېنىڭ قەدىرلىنىشىڭ ياكى خارلىنىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ سىناقلارغا جاۋاب بېرەلىشىڭ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

شۇنداق، خۇدابەردى ھەسەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قىلغان جاپالىق مېھنەت، ئەجىر بەدىلىگە، ئارال خەلقى سۆيۈپ قويىنغا ئالىدىغان، «خۇدابەردى ھەسەن بولىدىغان ئادەم جۇما» دېگەن جۇملە بىلەن ھەقىقىي باھاسىنى ئىزھار قىلىدىغان ئوغلانغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىدىن كىشىلەر قەلبىگە ئاي شولىسىدەك تارام ـ تارام نۇرلار تارالدى. مانا شۇنىڭ بەدىلىگە، يېزىنىڭ قەرزدارلىق قالپىقى چۆرۈپ تاشلاندى، ئۇنىڭ ۋە يېزىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىدە مول نەتىجە، تۆھپە مەيدانغا كەلدى ھەمدە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئون قېتىمدىن ئارتۇق تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى.

1998 ـ يىلى، يەكەن.

# يۈرەككە تۇتاشقان يول

بىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ ئانا تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەربىر جان ۋە ھەربىر تۈپ گۈل ـ گىياھ ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت «سۇ ـ سۇ!» دەپ نىدا قىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش ناخشىسى، مەۋجۇتلۇقنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش خورى؛ بۇ ناخشا، بۇ خور تاغلاردىمۇ، باغلاردىمۇ، شەھەرلەردىمۇ، يېزىلاردىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ سېھرى ـ كۈچىنى نامايان قىلىپ، توختاۋسىز ئەۋجىگە چىقىپ تۇرىدۇ؛ ئەنە شۇ تەشنالىقنى قاندۇرۇشتا، بارلىقنى ئاشۇ ناخشا، ئاشۇ خورغا سىڭدۈرۈۋەتكەن بىر پەخىرلىنەرلىك كىشى بار. ئۇ كىم؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا باشتىنراق سۆزلەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

1984 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدىكى 500 نەچچە مىڭ خەلقنىڭ «سۇ، سۇ» دەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئوتلۇق نىداسى ناھىيىدە تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلىدىكەن، دېگەن خەۋەر بىلەن سەل پەسكويغا چۈشتى، راست دېگەندەك بۇ شىركەتمۇ قۇرۇلدى ۋە ئىشقا چۈشۈپ، خەلقنىڭ پاكىز سۇ ئىچىش پۇرسىتىنى يارىتىش يولىدا دەسلەپكى ئىزدىنىشلەرنى قانات يايدۇردى، ھالبۇكى، ئەينى يىللاردىكى يېتىشسىزلىك تۈپەيلىدىن، ناھىيە بازىرىدىكى 120 نەچچە مىڭ نوپۇسنىڭ ئاران 25 پىرسەنتىنىڭلا تەلىپى ئوڭدىن كەلدى، 2200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول تۇرۇبا لىنىيىسى ۋە 2000 مېتىر ئەتراپىدىكى تارماق تۇرۇبا لىنىيىسى ئاز كەم 30 مىڭغا يېقىن نوپۇسنىڭ ئاشخانا، ھويلا ـ ئاراملىرىنى

ئانا تۇپراقنىڭ باغرىدىن سىرغىپ چىققان، كۆچ ـ قۇۋۋەتكە، مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان زەم ـ زەمدەك سۆلار بىلەن سۇغاردى. بۇ، 12 مۇقامنىڭ ئانا بۆشۈكى بولغان قەدىمىي شەھەر يەكەندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆل سۈيىنى كالا ـ قوي بىلەن تالىشىپ ئىچىشتەك تارىخىغا خاتىمە بەردى.

مانا بۇ ئىشنىڭ باشلانمىسى ئىدى، ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتىدا ئىدى، بۇنداق ۋەزىپە ۋە تەقەززالىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئاسان ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق تۇرۇبا سۈيى شىركىتى سۇ تۇپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان بىرقاتار مەسىلە ۋە ھادىسىلەرگە يولۇقتى، ئۆزىدە بار ئون ئادەم ۋە بىر دانە قول ھارۋىسىغا تايىنىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى قۇربىتى يەتكەن دائىرىدە ھەل قىلدى، ھەل قىلالمىغانلىرىغا ئۇرۇنۇپ بېقىپ توختاپ قالدى، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلار بۇ خىل ئەھۋالدا تۇرۇبا سۈيىنى ئىچىدىغان ئائىلە سانىنى كۆپەيتىش ۋە تۇرۇبا لىنىيىسىنى ئۇزارتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا چولىسى تەگمىدى، بۇ ھەقتە ئويلىغانلارمۇ كۆپىيىۋاتقان باش ئاغرىقىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سۈكۈت قىلدى.

ئەمما، شىركەتنىڭ كاسىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئەركىن ئابدۇراخمان بۇ ھەقتە نۇرغۇن ياخشى تەسەۋۋۇرلارغا غەرق بولاتتى، ئۇ ئويلايتتى، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيتتى، ئۇ، ئۆز كەسپىدىن باشقا تۇرۇبىچىلىق كەسپىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلاتتى، ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى، ھەتتا «ئاقساقاللىق قىلىپ» رەھبەرلىككە تەكلىپ ـ پىكىر بېرەتتى، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ، «چات كېرىۋالاتتى»، ئۇنىڭ

ئويلايدىغىنى ئۆز شەخسىيىتى ئەمەس ئىدى. ئۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆل سۈيى ئىچىپ، پوخاق بولغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن ئازابلىناتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى كۆل سۈيىدىن ئادا - جۇدا قىلىپ، ساغلام تەنگە ئىگە قىلىش ئۇچۇن كۆپ باش قاتۇراتتى. ئۇ كۆپ ھاللاردا چوڭقۇر ئويلارغا غەرق بولاتتى، تەسەۋۋۇرغا چۆمەتتى. گاھىدە ئۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ «قۇدۇق سۈيى زىيانلىق» — دېگەندەك سەلبىي سۆزلىرىنى ئويلاپ قالاتتى ۋە شۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ نادانلىقىغا ئېچىناتتى. راست شۇ چاغدا ئەل ئارىسىدا: «تۇرۇبا سۈيى ئادەمنىڭ پېيىنى بوشىتىپ، كارغا يارىماس قىلىپ قويىدۇ، چۈنكى، تۇرۇبا سۈيى ئۆلۈك سۇ، ئاپتاپ كۆرمىگەن سۇ ئەركەك سۇ ئەمەس!» دېگەن گەپ بار ئىدى. ئەمما، نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئادەم بەدىنىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان سۇنىڭ ساپ، پاكىز بولۇشىنىڭ ھاياتلىقتىكى ئىنتايىن چوڭ رولىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ، بۇنداق چاغلاردا چوڭقۇر - چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئامىللىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇراتتى، خەلقنىڭ قالاق، نادان، قاششاقلىقىنى سۇدىكى مەينەتچىلىك كەلتۇرۇپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك، دەيتتى ئۇ.

تۇرۇبا سۈيى ئىچىشنى چەتكە قاققۇچىلارنىڭ قەلبىنىڭ تېگىنى ئاختۇرسا، ئۇلارنىڭمۇ ساپ سۇغا تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ يالغۇز قالغانلىرىدا بولسا، ئۇلارنىڭمۇ قۇرتلاپ، چىرىپ كەتكەن، بىر تەرىپىدە لاي - لاتقا، ئوت - چۆپ چۆكۈپ تۇرغان، بىر چېتىدە ھايۋانات تىزەكلىرى لەيلەپ قالغان كۆل سۈيىدىن قۇتۇلۇپ،

ئانا تۇپراقنىڭ باغرىدىن تامچىغان سۇپسۇزۇك زەمزەملەرنى ئىچىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشى ئۇستىدە باش قاتۇراتتى، خىيال قىلاتتى.

ئەركىن ئابدۇراخمان ئەنە شۇنداق ئويلايتتى ۋە چۈشىنەتتى، يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىمۇ ئەنە شۇنداق ئويلايتتى ۋە چۈشىنەتتى، شۇڭا ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولسىمۇ، 550 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇبا سۈيى ئىچەلمەي كېلىۋاتقان بىر بۆلۈك خەلقنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاشنى پىلانلىدى. بۇ ئادىمى ئاز، ئەسلىھەسى كەمچىل، تېخنىكا كۈچى يېتەرسىز تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش شىركىتىگە بېرىلگەن تولىمۇ قىيىن، تولىمۇ شەرەپلىك ۋەزىپە ئىدى. ئەركىن ئابدۇراخمان ۋە بۇ يەردىكى خادىملار بۇ ئىشنىڭ نەچچە 10 مىڭ ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، نەچچە 10 مىڭ تۈپ دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھنىڭ ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشتىن يىراقتا قالمىدى. ئۇلار «سۇ» دەپ نىدا قىلىۋاتقان يۈرەكلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قورقۇش، ھېرىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، جاپالىق ئىشلىدى، ھەربىر نەتىجە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى؛ مانا مۇشۇ كۈرەشتە 1985 - يىلى ئىش باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن شىركەت باشلىقى بولغان ئەركىن ئابدۇراخماننىڭ كۆرسەتكەن ئەقىل - پاراسىتى، تۆھپىسى، قوللانغان تەدبىرى يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ھەممىنىڭ ئاغزىدا داستان بولدى. ئۇ، ئەنە شۇنداق غەيرەت، شىجائەت بىلەن تۈپ - توغرا 2558 كۈن — يەتتە يىل ئىشلىدى، بۇ جەرياندا ئەركىن ئابدۇراخمان شىركەت ئۈچۈن، يەكەن خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇن قان - تەر تۆكتى. 1991 - يىلى ئۇ، شىركەتنىڭ

باشلىقى بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئاسان چىققىلى بولمايدىغان ئوت ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ شۇ چاغدا شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ مۇنۇلارنى يەكۈنلەپ چىققتى:

«شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 30 نەپەر، قۇراشتۇرۇلغان غول تۇرۇبا لىنىيىسى 11 مىڭ مېتىر، تارماق لىنىيە 17 مىڭ مېتىر، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۆيى 18، تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئىدارە - جەمئىيەت 210، شەھەر ئاھالىسى 2500، ناھىيە بازىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىش نىسبىتى %55، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 750 مىڭ كۇب مېتىر، يىللىق باج، پايدا 82 مىڭ يۈەن...»

— بۇ ئاخىرقى پەللىمۇ، ياق! — دەپ ئويلىدى ئەركىن ئابدۇراخمان ئۆز - ئۆزىگە، — ئەگەر بىز بىرقانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، %25 شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيىنى يەنە %30 شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە تۇرۇبا قويۇش بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يۈرىكىگە چاتقان بولساقمۇ بۇ يېتەرلىك ئەمەس. يەنىلا ئاز، بەكلا ئاز. بۇ ھالەت تېزدىن، بالدۇرلا ئۆزگەرتىلىشى كېرەك ئىدى... ھازىرقى ئەھۋالدا نۇرغۇن ئىشلىرىمىز ياخشى بولغان بىلەن كەلگۈسى ئۈچۈن ئالغاندا، ھېچقانچە ياخشى ئەمەس...

ئەركىن ئابدۇراخماننىڭ ئويلىغانلىرى يۈرىكىنى ئېچىشىپ، يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى. ئۇ، بۇ ئورۇنغا مەسئۇل بولغان كۈنلەردە بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتنى ئەمەس، بۇنىڭدىنمۇ زور بولغان مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

— يەتتە، سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران دېگەندە %55 شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىچىملىك سۇ

مەسىلىسىنى ھەل قىلساق، يەنە 45% ئاھالە قاچانغىچە كۆل سۈيىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ — دېدى ئەركىن ئابدۇراخمان بىر كۈنى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە، - ناھىيە ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، پۈتكۈل ناھىيە بازىرىنى ئوراپ تۇرغان گۈلباغ يېزىسىدىكى توققۇز كەنتنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلماي بولمايدۇ. بەك يامان بولۇۋاتقىنى شىركەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ بەك ئاستا بولۇۋاتقانلىقى، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكى قول ھارۋىسىدىن تېخى قۇتۇلالمىدۇق، ئولتۇرىدىغانغا تۈزۈكرەك ئىشخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى يوق. . .

ئۇنىڭ قەلبىدە نېمە ئۈچۈن؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئال كۆپەيدى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، شىركەتنىڭ تەقدىرىدە بۇرۇلۇش بولدى. ئەركىن ئابدۇراخمان ئويلا - ئويلا ئاخىر: شىركەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتى بەك ئاستا، بۇ ھالەتتە ماڭسا شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا يۈزلىنىدۇ، ئۇ چاغدا شىركەت ۋەزىيەتكە ماسلىشالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇدىن كەلگەن كىرىم توك پۇلىغا ئارانلا چىقىش قىلىپ، شىركەتكە ئاساسىي جەھەتتىن پايدا كەلمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ھە دېگەندە ناھىيە مالىيىسىگە ئېسىلىۋېلىشمۇ ياخشى چارە ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ، مالىيە تارماقلىرىنىڭ ياردىمىنى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەي بولمايدۇ دېگەن قاراشقا كەلدى - دە، سەپەر سومكىسىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ، سەپەرگە چىقىشنىڭمۇ چىقتى، لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىگە بىر باش ئاغرىقى تېپىۋالدى. ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر

داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىش، بالىلىرىنى باغچىلاردا ئوينىتىش، مېھمانغا ئاپىرىش پەقەت بىر تاتلىق چۈشلا بولۇپ قالدى، بىراۋغا يېلىنىش، يالۋۇرۇش، بويۇن قىسىشنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۆرىدىغان بۇ يىگىت شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، نەچچە 10 مىڭ ئاممىنىڭ پاكىز سۇ ئىچىشى ئۈچۈن، ناھىيىدىن ئاپتونوم رايونغىچە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىدارە ـ ئورگان، بۆلۈم ـ تارماقلاردا قانچە ـ قانچە قېتىم بويۇن قىستى: ئاشۇ يەرلەردىكى كىشىلەرگە يېلىندى. تاماكا تۇتتى. ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالىنى زېرىكمەي، تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ قىيىنچىلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەي تىرىشىشى ئاخىرى ئۈنۈم بەردى. يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ يولى بارغانچە ئېچىلدى. ئۇنىڭ توختاۋسىز سەپەرگە چىقىشى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئۆيىنىڭ، ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى توختىتاۋسىز چېكىشى نەتىجىسىدە، ناھىيە خەلقىنى پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدا نەتىجە كۆرۈلدى. ئۇ 1997 ـ يىلىغىچە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ كەلدى ۋە ئۇنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلدى. 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىركەت ئورناتقان غوللۇق تۇرۇبا يولى 37 كىلومېتىرغا، تارماق تۇرۇبا يولى 150 كىلومېتىرغا، قېزىلغان قۇدۇق ئالتىگە، سۇ مۇنارى ئىككىگە، قايتا كۈچەيتىپ بېرىش سۇ پومپىسى ئۈچكە، 1000 كۇب مېتىرلىق سۇ سۈزۈش كۆلچىكى بىرگە، سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى 100 گە، سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپ 400 گە، ئاھالە 6300گە يېتىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى. بۇنىڭدىن

سىرت، گۈلباغ يېزىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى كەنتلەردىن 11 مىڭ نوپۇس، 3000 ئاھالە تۇرۇبا سۈيى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شىركەتنىڭ يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 3 مىليون كۇب مېتىردىن كۆپرەككە، يىللىق باج، پايدىسى 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىركەت كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدىغان ھالغا يەتتى. ئەركىن ئابدۇراخمان نامرات چاغدا ساپ دىللىق بىلەن چىقىش يولى ئىزدىدى، باي بولغاندا دىيانەت ياقلاشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ناھىيە خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىقنى ئاياپ قالمىدى. ئۇ، 1995-، 1996-يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىمدا ناھىيىلىك مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا 17 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى؛ ئۇ يەنە يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە 30 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سوراپ، شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەش روھىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1996 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، 6000 يۈەن سەرپ قىلىپ ناھىيە بويىچە شاھمات تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 1995 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئەدەبىيات بېتى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىق مەرىكىسىگە 2000 يۈەن ياردەم قىلدى، 1998 - يىلى باھاردىن كۈزگىچە «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ «سۆزۈك بۇلاق» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە

قوشتى.

بۇ دۇنيادا مېھرى - مۇھەببەت ۋە ساخاۋەتكە تولغان مېھرىلىك يۈرەكلەر كۆپ. ئەركىن ئابدۇراخمانمۇ ئاشۇ تۈمەنلىگەن ساخاۋەتچىلەرنىڭ بىر تىپىك ۋەكىلى. ئۇ، مۇشۇ يېقىنقى بەش يىلدا شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىركەت چىقىرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش يولى ئارقىلىق، ئودانلىق رايونىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار، نامرات ئائىلىلەرگە ئۇن، ياغ، كىيىم - كېچەك ۋە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن 25 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ سېخى قەلبىنى ئىپادىلىدى.

شۇنداق، ئەركىن ئابدۇراخماننىڭ ساپ ۋە سەمىمىي نىيەت بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ۋە گۈلباغ يېزىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلىرىدىن بولۇپ، 130 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ چاڭقاپ تۇرغان يۈرىكى ئۈلارنىڭ ھويلىسىغا، ئاشخانىلىرىغا تۇتاشقان تۇرۇبا يولى ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتۇشۇپ، ئاننىڭ ئوغۇز سۈتىدەك كۆچ - قۇۋۋەتكە ۋە مېھىرگە تولغان زەمزەملەرنى ئىچىپ ئارام تاپتى. لېكىن ئەركىن ئابدۇراخماننىڭ ئاتەش يۈرىكى ئارام تاپمىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، ھازىر ئۇسسۇزلۇقى، چاڭقاقلىقى قانغان يۈرەكلەرنى تېخىمۇ سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۆلچەملىك بولغان سۇ بىلەن تەمىنلەش، چۈنكى ھازىر تەمىنلەۋاتقان سۇ تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا قۇم، فتور، تۇز قاتارلىق ئارىلاشما مادا بار بولۇپ، ئۇ، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ. 1994 - يىلى قۇرۇلغان ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش

زاۋۇتنىڭ كۆنلۈك كېرەكسىز سۈنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئاران 3000 توننا بولۇپ، ھازىر كۆنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چىقىدىغان 5000 توننا كېرەكسىز سۈنىڭ 2000 تونىسى زىلچاق ئۆستەڭگە قۇيۇلۇپ، ئۆستەڭدىكى سۈنى، مۇھىتنى بۇلغايدۇ. بۇ ۋاقىتدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا يەكەن خەلقىگە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن!

1998 ـ يىلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ ئەركىن ئابدۇراخمان باشقىچە جىددىيلىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، يۇقىرىدىن ئازراق ئىچىملىك سۈنى تازىلاش قەرز مەبلىغى بىلەن كېرەكسىز سۈنى بىر تەرەپ قىلىش ياردەم مەبلىغىنىڭ ھەل بولۇش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. سېزىمى ئۆتكۈر ئوۋچى شەپىنى سەزسە مۇرادىغا يەتمىگۈچە بولدى قىلمىغاندەك، ئۇ ئەتىيازدىن باش كۈزگىچەيەكەن ـ ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئۈچ قېتىم چاپتى:

— ھوي، سىز تېخىچە قايتماپسىزغۇ؟ — دېدى ئۆزىنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلگەن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ بىر خادىمى ئەركىن ئابدۇراخماننى كۆرۈپ — بۈگۈن باھار بايرىمى، ھەممە ئادەم ئارام ئالىدىغان كۈن، بىراق سىز. . .

— مەبلەغ تەلەپ قىلىش ئىشىم تېخىچە ھەل بولمىدى، بۇ ھالدا، مەن قانداقمۇ ئارام ئالالايمەن؟ قۇرۇق قول يۇرتۇمغا بارالايمەن؟ قانداقمۇ خاتىرجەم بايرام ئۆينىيالايمەن؟! — دېدى ئەركىن ئابدۇراخمان يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا، — ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرسىڭىز. . .

— بولىدۇ. تەلىپىڭىزنى ئويلىشايلى. سىز ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ. بايرام تۈگىگەندە بىر گەپ بولار!

بۇنداق، «سىز ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە ئويلىشىپ بىر نەرسە دەيلى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تولا

ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن ئەركىن ئابدۇراخمان بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى.
ئۇ يەنە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئىشىكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن چەكتى. شۇ تەرىپتە باھار بايرىمى ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن روزى ھېيت يېتىپ كەلدى. ئۇ يەكەنگە قايتىپ، ھېيتنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئۆتكۈزسە تامامەن بولاتتى. لېكىن ئۇ، ھەل بولۇش ئالدىدا تۇرغان مەبلەغنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىدى. لېكىن، بالىلىرىغا ھېيتلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى رەتلىك كىيدۈرۈپ، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ـ كىگە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان توپ ـ توپ كىشىلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئېسىلىپ، يۈرىكى ئېچىشتى. ئاخىرى ئۇ، ئائىلىسىگە تېلېفون ئۇردى:
ــ ۋەي، دادامما، سىز قەيەردە؟ مۇشۇنداق ھېيت كۈندىمۇ ئۆيگە كەلمەمسىز؟ ساۋاقداشلىرىم، دادالىرىم ساڭا ئامراق ئەمەسكەن، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا بىر قېتىممۇ كەلمىدى دېدى. بۇ گەپكە بۇگۈن ئىشەندىم!
سەبي ئوغلى ئەكبەرجاننىڭ ئېسەدەپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىگە ئەركىن ئابدۇراخمان ھېچنەرسە دېيەلمىدى. كېيىن ئۇ پەقەت: «مېنى كەچۈر ئوغلۇم، كەچۈر، نەدىمۇ ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاتا ـ ئانا بولسۇن» دېيەلىدى. لېكىن شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئەركىن ئابدۇراخمان بالىلىرىغا، ئائىلىسىگە ئانچە كۆيۈنمەيدىغان ئوخشايدۇ دېگەن گەپ مۇشۇ بىر قېتىمدىلا چىققىنى، ئۆز بالىسىنىڭ تىلىدىلا ئېيتىلغىنى يوق. بۇنداق گەپلەر ئىلگىرىمۇ بولغان، باشقىلارنىڭ تىلى ئارقىلىقمۇ ئېيتىلغان. 1995 ـ يىلى كۈزدە ئۇنىڭ ئوغلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالىنىتسىدا يېتىپ، داۋالىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ شىركەتكە مەبلەغ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دوختۇر

چېھرىنى پۇرۇشتۇرگەن ھالدا:

— دۇنيادا شۇنداقمۇ دادىلار بار — ھە؟ ! بالىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ خىزمەت ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىپتۇ تېخى، ھازىرلا قەھرىمانلىق مېدالىــــى بېرىدىغاندەك – دېگەنىدى.

بۇ، بوش، ئەمما ۋەزىنلىك ئېيتىلغان سۆزلەر بالىغا قاراش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىچارە ئانىنىڭ يۈرىكىنى لەختە – لەختە قىلىپ تاشلىــدى. ئۇ، ئۆزىگە پۈتكۈل كائىنات، پۈتكۈل ئادەملەر خۇددى مۇشۇ دوختۇردەك مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن قاراۋاتقاندەك خۇدىكســرەپ، ئۆزىنى قويۇشقا جاي تاپالماي قالدى ۋە يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالغان ھالدا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

1998 – يىلى 8 – ئاينىڭ 29 – كۈنى ئەركىــن ئابدۇراخمان ئەڭ خۇشال بولغان بىر كۈنبولدى. بۇ كۈنى ئۇ ئاپتونوم رايون يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىچىملىك سۇنى تازىلاش، ياخشىلاش ئۈچۈن بەرگەن 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن بەش يىللىق ئۆسۈمسىز قەرز مەبلىغىنىڭ تولۇق ھەل بولغانلىق ۋە ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىــڭ يەكەن ناھىيىسىدىكى كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەرگەن 500 مىڭ يۈەنلىــــك ياردەم مەبلىغىنىڭ ھەل قىلىنغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئېلىــپ، يەكەن ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن؟ ! چۈنكى ئاپتونوم رايون بەرگەن قەرز مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، يېقىندىن بەش كۆز قۇدۇق قېزىشنى، بىرلا ۋاقىــتتا 5000 توننا سۇنـــى تازىلايدىغان تازىلاش كۆلچىكى ياساشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، ئىچىملىك سۇنىڭ سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىــك دەرىجىـــدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشتۇرۇلسە، شىركەتنىڭ يىللىق باج، پايدىسى 1 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىي كۈچى زورىيىدۇ. كېرەكسىز سۇنى بىــر تەرەپ

قىلىش قۇرۇلۇشىغا بەرگەن ياردەم مەبلىغىنى شىركەت چىقىرىش يولى بىلەن 3 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، كۈنىگە 9000 توننا كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇپ، ھازىرقى قاتمال ھالەتكە خاتىمە بېرىدۇ.

ئەركىن ئابدۇراخماننىڭ 10 نەچچە يىل ساپ ۋە سەمىمىيلىك بىلەن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى نەتىجىسىدە، 10 نەچچە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ھازىر 65 نەپەرگە، مۇقىم مۈلكى ۋە سەرمايىسى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى. قاتناش ئىشلىرى يۈرۈشلەشتى. شىركەت يەنە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 1300 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى خىزمەت بىناسىغا، 2 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى 40 ئائىلىلىك ئولتۇراق ئۆي بىناسىغا ئىگە بولدى. ئەركىن ئابدۇراخمان خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى ئىلغار شەخس، ئىلغار پارتىيە ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەرىپىدىن تەكلىپ بىجىرىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ھايات بىر جەڭگاھ، مۇۋەپپەقىيەت ھامان ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ. ئەركىن ئابدۇراخماننىڭ 15 يىللىق تىرىشچانلىقى ناھىيە بازىرى ھەمدە بۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ يۈرىكىنى سۈزۈك بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى، يۈرىكىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئۇلارنى گويا قەلبداشلىق، تەقدىرداشلىق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. خەلق ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى، ئۇلار، ئۆز تەشنالىقىنى قاندۇرغان، ھويلا - ئارام گۈزەللىكى ئۈچۈن ھەمىشە گۈزەللىك ئاتا قىلغان بۇ مېھنەتكەش ئوغلىنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. چۈنكى، يۈرەكتىن يۈرەككە يول بار.

# كىتاب پەرىشتە بايلىق

**1**

ئېتىقاد، ئەقىدە ـــ بارلىق جانلىقلار ئۇچۇن سېخىلارچە قوچاق ئاچقان ئانا تۇپراقتا كۈن ساناپ ئۆرلەۋاتقان نوپۇس كۆرسەتكۈچى ئارىسىدىن ھەقىقىي ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان غايىۋى كۈچ رېئاللىق بىلەن غايىۋىلىك، ئېتىقاد بىلەن قائىدە ـ قانۇن، شان ـ شەرەپ بىلەن بۇرچ ئارىسىدا گاھ قىسىلىپ، گاھ يايراپ، گاھ زارلاپ، گاھ شاد ـ خوراملىقتا چۆكۈپ پىشىپ يېتىلىدۇ، تاۋلىنىدۇ… مانا بۇ بىزنىڭ چېنىقىش مەيدانىمىز، بىسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇساپىمىز. بۇنداق ئىسسىق ـ سوغۇق بىزنىڭ قەھرىمانىمىز ئابلەت مەمەتنىڭ بېشىدىنمۇ ئۆتتى.

**2**

1997 ـ يىلىنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى ـــ 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يېتىپ كەلدى، بۇ كۈن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئائىلىلەرگە شاد ـ خوراملىق، كۈلكە ـ چاقچاق، مەمۇرچىلىق ئېلىپ كەلدى.

قەدىمىي يۇرت قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ چىپان دەرۋازىسىغا جايلاشقان پېشقەدەم مائارىپچى مەمەت ئەمەت ئاكىنىڭ ئۆيىدىكى ھېيت داستىخىنىغا قويۇلغان قۇربانلىق

گۆشنىڭ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرماقتا. ئەمما، داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى يېرىم، خۇددى ئىشتىيى تۇتۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئېغىر سۈكۈتنى ئاخىرى مەمەت ئەمەت ئاكا بۇزدى:

— قېنى ئېلىڭلار، بالىلىرىم، بۇمۇ كەلگىنى، ئابلەتخان ئاكاڭلار شان-شەرەپ مۇنبىرىگە ماڭدى، ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قويارمىز...

بۇ گەپتىن كېيىن بالىلار داستىخانغا قول سوزۇشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. مەمەت ئەمەت ئاكىنىڭ كۆڭلى ھېلىدىن-ھېلىغا ئەسلىمە ئىچىدە پەرۋاز قىلدى:

— دادا، — دېدى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى كەچتە قاغىلىققا يېتىپ بارغان ئابلەت مەمەت ھەم خۇشال بولغان، ھەم نېمىگىدۇر كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك، — مەملىكەت بويىچە «شىنخۇا كىتابخانىسى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلىدىغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا بارىدىكەنمەن. شۇڭا، سىلەر بىلەن خوشلىشاي دەپ كەلدىم...

— قاچان ماڭىدىكەنسىز؟

— ئەتە كەچتە ئۈرۈمچىگە بېرىپ بولمىسام بولمايدىكەن، ئۆگۈنلۈككە بېيجىڭغا قاراپ ئايروپىلان بىلەن ئۇچىدىكەنمىز.

— ئەتە قۇربان ھېيت تۇرسا، سىز بولمىسىڭىز ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ھېساب بولمايدۇ!

مەمەت ئەمەت ئاكىنىڭ قول-بارماقلىرى تىترەپ كەتتى.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمىساق بولمايدۇ، دادا.

— ھەي، مۇشۇ تەشكىلمۇزە، باشقا ۋاقىت چىقمىغاندەك، ھېيتقا توغرىلاپ قويۇپتۇ، — دېدى دادا رەللى بولۇپ، — بېيجىڭغا بېرىپ مۇكاپات ئالماقچى بولغىنىڭىزغۇ تازا ئوبدان ئىش بوپتۇ. بۇ دېگەن نەچچە مىڭ ئادەمدىن پەقەت بىر قانچىسىگىلا نېسىپ بولىدىغان ئامەت. بىراق، سىز ئوغۇلنىڭ چوڭى، ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرىكى. يولباشچىسى. ھەممىسى سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قاراپ، گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئايەم كۈنىدە سىز بولمىسىڭىز، بىزگە ھېيت ھېيت بولمايدۇ...

— ھازىر چىقىشىم، دادا، ئەتە ئەتىگەندە ھېيت نامىزىنى بىرگە ئوقۇش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا چۈشەندۈرۈپ ئەپۇ سوراش...

— ھېيت داستىخىنى خىسلەتلىك بولىدۇ، بالام، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىك، زىددىيەت، ئاداۋەت، سوغۇقچىلىقلارمۇ داستىخان ئۈستىدە تۈگەيدۇ، مېھرى - ۋاپا، ئىنساپ - ئەقىدە، كۆيۈنۈش، مېھرى - مۇھەببەت كۈچىيىدۇ، سىز بولسىڭىز ھېيت باشقىچە خۇشال ئۆتەتتى...

مانا ھېيت كۈنى كەلدى، دېگەندەك ئۇنىڭ يوقلۇقى ھەممە نەرسىنى چاندۇرۇپ قويغاندەك بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ شان - شەرەپ مۇنبىرىگە چىقىش سەپىرىدىكى قولداش ئايالى ئايسۇلتان ھېيت داستىخىنىدا ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشتى. ئۇ بىرىشقا تېگىشلىك بولغان ھەممە ئۆيگە باردى، كۆرۈشۈشكە تېگىشلىك بولغان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشتى، باللارنىڭ بىرنىمۇ قويماي قولىغا ھېيتلىق تۇتقۇزدى. لېكىن شۇ كۈنى، ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تەييارلانغان ھېيت داستىخىنىغا داخىل بولالمىدى. كۆيۈمچان ئاتا -

ئانىسىنى نەچچە - نەچچە رەت كۆز ئالدىغا كەلتۈردىيۇ، يەنە دەرھال ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىپ، ئاشۇ خىيال، ئاشۇ تەپەككۇرلىرىنىڭ سىماسىنى چىراي ئەينىكى ئارقىلىق سورۇن ئەھلىگە كۆرسەتمىدى. . .

ھېيت كۇنى كەچ، قەشقەر ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلگەن يولۇچىلار ئايروپىلاننى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەممىنى پەستە قالدۇرۇپ ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئابلەت مەمەت پەسكە قارىدى. ئەنە، كوئېنلۇن ئېتىكىدىكى قار - مۇزلۇق چوققىلاردىن باشلانغان يەكەن دەرياسى، ئۇ پارقىراپ تۇرغان يېشىل لېنتىدەك يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ساپ ۋە سەمىمىي مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن بىپايان يەكەن ۋادىسىنىڭ، مۇنبەت دولان تۇزلەڭلىكىنىڭ، دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان بويلىرىدىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ چاڭقاقلىقىنى، تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارغا ھاياتلىق، يېشىللىق ئاتا قىلىپ، تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ، مانا بۇ ھىممەت، مانا بۇ كارامەت، مانا بۇ مۆجىزە، دەريا، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق پاك ۋە ساپ سەمىمىيىتى بىلەن بۇ پايانسىز زېمىنغا گۈزەللىك ئاتا قىلىپ، پۈتكۈل جانلىقلار مېھرىنى ئۆزەلمەيدىغان چارىباغقا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىسلەت، بۇ خاسىيەت ئاشۇ مۇنبەت زېمىندىكى خەلقنى باي - باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. دەريانىڭ ھەر تامچە سۈيى ئۆز باغرىدىكى خەلقنىڭ تومۇرلىرىغا قان بولۇپ سىڭىپ كەتتى. ئەنە، ئوغلىنىڭ 《ISUZU》 ماركىلىق كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۇپەيلى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشىپ سەپەرگە ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۆزاتقىلى چىققان ئانا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ چېھرىدە

كۆلكە، كۆزلىرىدە ياش، ئوغۇل ھەممىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ كۆلكىسى — ئوغۇلنىڭ شەرىپى ئۈچۈن قىلىنغان تەنتەنە، كۆزلىرىدىكى ياشچۇ؟...

ئانا، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، ماشىنا ئاستا - ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى، نەۋرىلەر كىلىشىۋالغاندەك تەڭلا: «ئابلەت دادا، خوش» دەپ چۇرقىراشتى، ئىنى - سىڭىللەر قول پۇلاڭلاتتى، يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىزنى بىقىپ قاتارغا قوشۇش، 42 يىل مائارىپ سېپىدە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بەدىلىگە قېرىپ، موكچىيىپ قالغان ئاتا بىلەن ئانا نە قول پۇلاڭلىتىشنى، نە ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن بىرقانچە قەدەم مېڭىشنى بىلەلمەي يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ تۇراتتى. ئاتا - ئانا قەلبى دىگەن نەقەدەر كەڭ، نەقەدەر چوڭقۇر - ھە! كۆڭۈل ھەممە، ھەممىگە كۆيۈپ كەتكەن. ئاچچىق يۇتۇش، ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكىچە بىر ئىش...

ئابلەت مەمەت خىيالدىن ئويغاندى ۋە يەنە سىرتقا قارىدى. ئەنە، كۆز يەتمەيدىغان كەڭلىككە يېيىلىپ، گاھ تورۇلۇپ ئۆركەشلەپ، گاھ ئەتراپقا، قىرغاققا بۇژغۇن چىقىپ ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسى بارغانچە يىراقتا قالماقتا. بىر كۆتورۇلۇپ، بىر پەسىيىپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ يۈزى ئانىنىڭ ئوغلىنى ئۇزىتىش ئالدىدىكى چوڭ - چوڭ تىنىقلىرىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە!؟ ئادەمدە مەلۇم مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئۈستىگە ئېلىش ئېڭى بولۇش كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا دۇنيا ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەت يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. سەن قىممەت ياراتقاندىلا ئاندىن سېنىڭ قىممىتىڭ، ئىززىتىڭ ۋە ھۆرمىتىڭ بولىدۇ. سەن مانا

مۇشۇنداق ھايات مۇساپىسىدە سەللا بىخۇتلۇق قىلساڭ، ھايات سېنى شاللاپ تاشلايدۇ. چۈنكى ساڭا بېرىلگەن ياشاش پۇرسىتى چەكلىك. نۆۋىتى كەلگەندە ۋاقىت ساڭا بىر مىنۇتمۇ ئارتۇق بېرىۋەتمەيدۇ. سەندە چىدام ۋە غەيرەتلا بولىدىكەن، سەن ۋاقىتتىن مېۋە ئالالايسەن. ئەكسىچە بولساڭچۇ؟ ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشىدىغىنىڭ ئاق چاچ بىلەن قورۇق بولىدۇ، خالاس.

ئابلەت مەمەتنىڭ تەپەككۇرى، خىيالى تۇسۇنتايدەك ھەريان چاپماقتا ئىدى. ئۇ، مېھرىبان ئاپىسىنىڭ، قەدىرلىك دادىسىنىڭ، سۆيۈملۈك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى بۇگۈن ئەپۇ قىلىشىنى تىلىدى ۋە ئەپۇ قىلىشىغا ئىشەندى. چۈنكى ئۇلار ھەممە ئادەم كۈلۈپ - تېلىقىپ ھېيت ئويناۋاتقان مۇشۇ كۈندە ئۆز پەرزەنتىنىڭ خىزمەت، ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەتتى.

ئابلەت مەمەت پەسكە قارىدى. يەكەن دەرياسى بەك يىراقتا قالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۇئېنلۇننىڭ ھەيۋەتلىك ھەرە چىشلىق ئېگىز چوققىلىرى، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئەجدىھادەك دولقۇنلاۋاتقان تاغ تىزمىلىرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى...

3

ئادەم دېگەن ئاجايىپ بىر مەخلۇق. ئۇ بىرەر پېشكەلچىلىككە دۇچ كەلگەندىمۇ، بىرەر شاد - خوراملىق قەلبىنى چۇلغۇغاندىمۇ ياكى قەلبىنى بىئاراملىق، بۇرۇختۇملۇق، غەشلىك، شادلىق بىلەن خاپىلىق ئارىلىشىپ كەلگەن چىگىش ھېسسىيات قاپلىغاندىمۇ ھامان ئۆتكەن

كۆنلەرنى، ئاشۇ دەقىقىلەردىكى شېرىن مىنۇتلارنى ياكى ئېغىر دەقىقىلەرنى ئويلاپ، ئەسلەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ ۋە ياكى ئاشۇ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى نىشانغا ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىگە ئىلھام بېرىدۇ. ئابلەت مەمەتمۇ ئەنە شۇنداق ھالدىن خالىي بولالمىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنىنى يارىتىپ، نۇرغۇن ئادەملەر ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن بەك ئاز ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىغان شان - شەرەپ مۇنبىرىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك ئورنىغا، ئۆزىگە شان - شەرەپ ئاتا قىلغان ئورۇنغا دەسلەپكى ئىشقا چۈشكەندىكى كۈنلىرىنى ئويلاپ قالدى.

— نېمە؟! شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئورۇنلاشتىم دېدىڭما؟ شۇنچە كەڭرى يەكەن ناھىيىسىدە تۇزۇكرەك بىر ئورۇن تېپىلمىغاندەك كىتابپۇرۇش بوپسەندە!؟ ھەي...

— «كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇساڭ، دۇنيا ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ، تۇرمۇشۇڭ شۇنچە پارلاق ۋە ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. تەن سالامەتلىك تەنھەرىكەتتىن ئايرىلالمىغاندەك، ئەقىل - پاراسەتمۇ كىتابتىن ئايرىلالمايدۇ.» ئاغىنىمىز بۇ خىل گەپلەرگە بەك ئىشىنىدىغان ئوخشايدۇ. مانا ئەمدى بىكارلىق كىتابنى ئوقۇپ، تازا بىر ئەقىللىق دانىشمەن بولاي دەپتۇ - دە.

— كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇساڭ، تۇرمۇش ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ ۋە گۈزەل بولىدۇ دېگەنىنىڭ ئۆزى قۇرۇق گەپ، تۇرمۇشنىڭ گۈزەل بولۇشى، ساڭا يېقىنلىششى سېنىڭ كىتابىڭنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، يانچۇقىڭدىكى پۇلۇڭنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بولىدۇ، پۇلۇڭ بولسا ھەممە نەرسە ساڭا تەبەسسۇم قىلىدۇ، كۈلۈپ باقىدۇ، قۇچاق ئاچىدۇ، ئەكسىچە بولسىچۇ؟ ھەممىسى

بىكار. . .

— شۇنداق، بىز ئالدى بىلەن قورساق تويغۇزۇشنى، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىشىمىز كېرەك. ئاندىن كىتاب ئوقۇساق، بىلىم ئالساق يارىشىدۇ. شىنخۇا كىتابخانىسى 2000 دانە خام كېسەك سېتىۋېلىشقا پۇلى يوق، ئالتۇندەك ئىككى مو يەرنى 2000 خىشقا تېگىشكەن ئورۇن. . .

— بولدى، بولدى ئاغىنىلەر، قانداق ئورۇندا ئىشلەش، ئىشلىمەسلىك بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئالدى بىلەن ئىشلەپ كۆرسۇن، پەقەت ئەپلەشمىسە ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەرمىز، ئىش تۇگىگەندە موللا كۆپ دېگەندەك، باشتا مەسلىھەت بېرىدىغانغا ئادەم يوق، ئەمدى ئورۇن تېپىپ ئىشقا چۈشەي دېگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتساق بولمايدۇ. — دېدى ئاغىنىلەردىن بىرى بىر چەتتە نېمە دېيىشنى بىلمەي قاراپ تۇرغان ئابلەت مەمەتكە ھېسداشلىق قىلغان تەزەردە.

تۈنجى قەدەم، تۈنجى غەلىبە، تۈنجى مەغلۇبىيەت، تۈنجى مۇكاپات ۋە تۈنجى زەربە. . . ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئابلەت مەمەت ئۈچۈن، ئىشقا چۈشۈش ئالدىدا دوستلىرىنىڭ ئىدارە ھەققىدە بەرگەن باھاسى بىر سىگنال، بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، شارائىتى ياخشى ئورۇندا ئىشلەش ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن شارائىتى ناچار، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان ئورۇندا ئىشلەپ، باش كۆتۈرۈپ چىقىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىرى ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ «ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى

بەخش ئەتكىنى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەشنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بىر چىقىش پۇرسىتى بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتتى، شۇنداقتىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ۋە بىۋاسىتە ئۇقۇشۇپ ئىسپاتلىغان 2000 خام كېسەككە ئىككى مو زېمىننى تېگىشىشتەك رېئالنى پاكىت ئۇنىڭغا پەقەتلا ئارام بەرمىدى، يەر ئانا، يەر ھاياتلىق مەنبەسى، دېھقان ئۇچۇنمۇ، يازغۇچى ـ شائىر ئۇچۇنمۇ، ياكى ئالىم، مۇتەخەسسىس ئۇچۇنمۇ ئالدى بىلەن يەر كېرەك. ھەرقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن سەن تېگىشلىك زېمىنغا ئېرىشىشىڭ كېرەك. يەر ئانا ــ بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان ھاياتلىق مەنبەسى، سېنىڭ ساتقىنىڭ، مال ـ مۈلۈككە تېگىشكىنىڭ، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگىنىڭ ھاياتلىق مەنبەيىڭنى ئۈزۈپ تاشلىغىنىڭ بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟! بولۇپمۇ كۈنسايىن تارلىشىپ كېتىۋاتقان شەھەر زېمىنىدا تېخىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟! مانامۇشۇ خىيال خېلى بىر كەملەرگىچە ئابلەت مەمەتكە ئارام بەرمىدى، لېكىن بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى بۇ خام كېسەككە زېمىننى تېگىشىش سودىسىنى كىتابخانىنىڭ شۇ چاغدىكى مەسئۇلى، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كىتاب ئامبىرىنىڭ تېمىنى ئېتىشتە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ شۇنداق قىلغان، ئابلەت مەمەت بۇ ئورۇننىڭ ئادەتتىكى پۇقراسى. ئابلەت مەمەت ئۇچۇن ھەممىگە سۈكۈت قىلىپ، چىداپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن باشقىچە ئامال يوق ئىدى، ئۇ شۇنداق قىلدى، ئايلاپ ـ يىللاپ ئىش ھەققى ئالالمىسىمۇ، كىتابخانىئىچىدە جېدەل ـ ماجىرا قوزغىمىسىمۇ، ھەممىگە چىدىدى، پەقەت كۆڭلىدىكى ياخشى

پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئىدارە مەسئۇلىغا ئايرىم كىرىپ يەتكۈزدى، پىكىر - تەكلىپلىرى قوبۇل قىلىنمىسا، ئاقمىسا ئارتۇقچە كۆڭۈل سويۇتۇپ يۈرمىدى، بۇنداق چاغدا ئۇ چاپقۇر، ھوشيار، ئەمما تولۇق يۈكلەنگەن، چېپىش، يول يۈرۈش ئەركىنلىكى ئۆزىدە يوق، تۈرۈپ - تۈرۈپ دۈمبىسىدە قامچا ئوينايدىغان مەپە ئېتىغا ئوخشايدىغانلىقىنىلا ھېس قىلدى، خالاس.

ئەنە شۇ تەرىزىدە ئارىدىن توپتوغرا ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئۈچ يىل ئابلەت مەمەت ئۈچۈن خۇددى مىڭ يىلدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ ۋاقىتنى بىكارغا كەتكۈزمىدى، ئۇ، بىمەنە، مەنىسىز پاراڭ، ئورۇنسىز جېدەل - ماجىرالارغا ئارىلاشقاننىڭ ئورنىغا كىتاب كۆردى، كىتابتىن ئۆزىگە روھى - تەسەللىي، كۈچ - مادار ئالدى، ئۇ، كىتاب ئوقۇغانسېرى ئۆزىنىڭ ئۈمىدكە تولغانلىقىنى، كىتاب ئوقۇغانسېرى بىلىمىنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆپىيىپ يوشۇرۇن كۈچكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كىتاب كۆرۈشنى كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

## 4

كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى. ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەت - جاسارىتىنى، ئادەمنىڭ يۈرىكىدە تىنۋىشسىز ھالدا يالقۇنجاۋاتقان ئىشقى-مۇھەببەت، نەپرەت ۋە شىكايەتلەرنى باشقىلارغا ئۈن - تىنسىز ھالدا سۆزلەپ، ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ گۇنكى دۇنيادا سىر يوق، مەخپىيەتلىك يوق، ئابلەت مەمەت ئۈچۈنمۇ ئەنە شۇنداق بولدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىپ

كېلىۋاتقان ئىسلاھات روھىنى، ئىسلاھات پىلانىنى تەشكىل ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن بىلىۋالدى، ۋەيران بولۇپ، تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان كىتابخانىنىڭ تەقدىرىنى ئۇنىڭغا باغلىدى، شۇنداق قىلىپ، 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە تەشكىل ئۇنى يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىدى.

ئادەم دېمەكلىك — ھەممىگە قىزىققۇچى، كۆڭۈل بۆلگۈچى دېگەنلىك بولسا كېرەك. ئابلەت مەمەت شىنخۇا كىتابخانىسىغا خىزمەتچى بولۇپ ئىشقا چۈشكەندە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان، كۆيۈنگەن، ئىچ ئاغرىتقان، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىگەن بىر قىسىم دوستلىرىئۇ نەچچە ئايلاپ ئىش ھەققى ئالالماي، يانچۇقىموچەن پۇلغا تەشنا ـ ئىنتىزار بولغان كۈنلەردە: «ئادىشىم، ھالىڭ نىچۇك، بىز ياردەم قىلىدىغان، سېخى قولىمىزنى سۇنىدىغان ئىشلار بارمۇ» دەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ قويۇشقا كۆڭلى تارلىق قىلغانىدى. ئۇ دىرېكتور بولغاندا ئۇلاردىن بىر قانچىلىرى يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئۆستۈرۈلگىنىڭگە ياخشى بولۇپتۇ، ئاداش، لېكىنزە قەرزلەرنىڭ ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالىشىڭ ئاسان ئەمەس...

ناھايىتى چوڭ، كۆچتىڭگىر بىر جانلىقنىڭ جېنىمۇ كىچىككىنە بىر يەردە بولغاندەك، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭمۇ بىر ئىشتا قورقىدىغان، باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىنمۇ، ئاغزىغا ئېلىپ سېلىشىدىنمۇ قورقىدىغان، ئەندىشە قىلىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ، ئابلەت مەمەت ئۇچۇن ئېيتقاندا: «ئەنە شۇ قەرزلەرنىڭ ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش مەسىلىسى» ھازىرچە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى خالىمايدىغان كۆڭۈل ئەندىشىسى ئىدى.

ئۇنىڭسىزمۇ، ئاشۇ مەزگىلدىكى خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بانكىغا 230 مىڭ يۈەن قەرز بولغان، 567 مىڭ يۈەنلىك ھەرخىل كىتابلار ئامباردا بېسىلىپ قالغان، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئىش ھەققى تارقىتىلمىغانغا بىرقانچە ئاي بولۇپ قالغان، خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق ئەۋج ئالغاچقا، پارتىيە ياچېيكىسى سايلىمى ئېلىپ بارالمىغان، شۇڭا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن بىر ياچېيكا بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. قىسقىسى، كىتابخانىنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى، دوستلىرىنىڭ بايىقى دىئالوگى ئارام بەرمەي، ئېچىشىۋاتقان كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلىغاندەك يەنە بىرى ئېغىز ئاچتى.

— قۇلاق تۇۋىگىچە قەرزگە بوغۇلغان، ئىسمى بار، جىسمى يوق بۇ كىتابخانىغا دىرېكتور بولغىنىڭ، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولغاندەكلا بىر ئىش بولۇپتۇ، ئاداش. ئارىدىن يەنە بىرى ئېغىز ئاچتى.

— ئىشنى قىلىپ، ئاداش، ھازىرقى كۇندە كىتابخانىنىڭ دىرېكتورلۇقىدىن ھاراق ـ تاماكا دۇكىنىنىڭ خوجايىنلىقى ياخشى بولۇپ قالدى جۇمۇ...

مانا بۇ راست گەپ، كىشىلەر ئارىسىدا كىتاب سېتىۋېلىشتىن ھاراق سېتىۋېلىشنى، كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت سەرپ قىلىشتىن بىليارت، قارت ئويناشقا ۋاقىت سەرپ قىلىشنى ئەلا بىلىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. لېكىن ئابلەت مەمەتنىڭ بۇنى ئېتىراپ قىلىپ گەپنى ئۇزارتقۇسى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان دوستلىرىنى يەنە ئاۋارە قىلغۇسى يوق ئىدى، ئاخىرى ئۇ، ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا كۆيىنگىنىڭلار، خىزمىتىمىزگە كۆڭۈل

بۆلگىنىڭلار ئۇچۇن رەھمەت، ئاغىنىلەر، كونىلاردىن قالغان «كۆز قورقاق، قول باتۇر» دېگەن بىر ماقال بار. ئالدى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ باقاي، بەلكىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالارمەن، تەشكىل ماڭا ئىشىنىپ بۇ ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا مەن ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالسام بولماس. ئالدى بىلەن كىتابخانىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرى ئۇچۇن بىر قانچە يىللىق ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ باقاي، بەلكىم بۇ ۋاقىتلىرىم، كىتابخانا خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇچۇن تۆلىگەن بەدىلىم بولۇپ قالار. مەن ئەنە شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت ئۇچۇن بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلەشكە رازى.

ھەممىنىڭ ئاغزى بېسىقتى، ئۇلار ئابلەت مەمەت ئۇچۇن ئۇتۇق تىلەپ قايتىشتى.

ئۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ خىيالدىن ۋاز كەچمىدى، ئەكسىچە بۇ تەسەۋۋۇرنى بارغانچە بېيىتىپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باردى ۋە ھەممە كىشى ئۇچۇن تەڭ ئاتا قىلىنغان ۋاقىت ئۇچۇن كۆپرەك سوۋغا تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇ، ئۆز كۆڭلىدە ۋاقىتقا جەڭ ئېلان قىلدى، ئۇ دوستلىرى ئاللىقاچان چىقىپ كېتىپ بولغان قۇرۇق ۋە ۋەيرانە ئىشخانىسىدا ئۆرە تۇرغان پېتى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ۋاقىت مېھرىبان ۋە شەپقەتسىز، سەن ۋاقىتنى ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك دەپ قارىساڭ، ئۇ ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىدۇ، سەن ۋاقىتنى قەدىرلىمىسەڭ، ئۇ سېنىڭ بەدىنىڭدىن ياشلىق باھارىڭنى ۋە ھاياتىڭنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ، ۋاقىت ئەڭ ئادىل تەنقىدلىگۈچى ۋە مۇكاپاتلىغۇچى».

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابلەت مەمەتنىڭ ئارامى بۇزۇلدى، ئۇ، كىتابخانىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى، تەقدىرى، خەلقنىڭ

تاللىشى ۋە شاللاش ئېغى توغرىسىدا بىرقانچە كۈن ئۇدا باش قاتۇردى، مەيلى ئۇ نېمىنى ئويلىسۇن، نېمىنى قىلمىسۇن ھامان ھېلىقى كۈنكى دوستلىرى ئېيتقان: «ھازىرقى كۈندە كىتابخانىنىڭ دىرېكتورى بولغاندىن ھاراق - تاماكا دۇكىنىنىڭ خوجايىنلىقى ياخشى بولۇپ قالدى» دېگەن سۆز پەقەتلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمىدى. ئاخىر ئۇ، ئۆزىنىڭ كىتاب ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇپ، تاماكا ۋە ھاراققا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى تاپتى.

«20 يىل ئىلگىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ يىللىق تاماكا ئىستېمال قىلىشى 500 مىليارد تال ئىدى، يېقىنقى يىللاردا ئىستېمال مىقدارى ئېشىپ، 1 تىرىليون 600 مىليارد تالغا يەتكەن، نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئۈچ تال تاماكا بار دېسەك، ئۇنىڭ بىر تالىنى جۇڭگولۇقلار ئىستېمال قىلىدۇ، جۇڭگودا تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ سانى 320 مىليون بولۇپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، جۇڭگودا 15 ياشتىن يۇقىرى ئەرلەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى تاماكا چېكىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ھەربىر ئادەم كۈنىگە 15 تالدىن تاماكا چېكىدىكەن، تاماكا چېكىش نىسبىتى تېز كۆپىيىۋاتقانلار 15 ~ 20 ياشتىكىلەر ئىكەن. 30 ~ 60 ياشتىكىلەر تاماكا چېكىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلار بولۇپ، ئۇلار 73% ئەتراپىدا ئىكەن، 70 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ تاماكا تاشلاش نىسبىتى 61% ئىكەن، 53% تاماكا چەكمەيدىغان جۇڭگولۇق تاماكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھامىلە ۋە بوۋاقلارنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى ئەڭ ئېغىر ئىكەن، جۇڭگودىكى تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 19.8 ياش بولۇپ، 19 يىل ئاۋۋالقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۈچ ياش كىچىكلىگەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگودىكى تاماكا ئىستېمال قىلىش مىقدارى تېز سۈرئەتتە

ئاشقانلىقتىن، تاماكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچىلارمۇ تېز كۆپەيگەن، مۆلچەرلىنىشىچە ھەر يىلى 1 مىليوندىن 7 مىليونغىچە ئادەم تاماكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، 2 مىليوندىن 3 مىليونغىچە ئادەم تاماكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن» . «ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلىغىچە جۇڭگونىڭ ئاق ھاراق مەھسۇلات مىقدارى %54 ئاشقان بولۇپ، ئېشىش نىسبىتى يىلىغا 5 پىرسەنتتىن توغرا كەلگەن، ئەمما، شۇ مەزگىلدە نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى %1.5 بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاراق كۆتۈرۈشلۈكى ئۆزلۈكسىز ئاشقان، ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسى بويىچە بولغاندا، بىر توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىشقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.2 توننا ئاشلىق كېتىدىكەن. 1990 ـ، 1991 ـ يىللىرى ئۇدا ئىككى يىل ھاراق مەھسۇلاتى 6 مىليون 500 مىڭ تونىغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا شۇ ئىككى يىلنىڭ ھەربىرىدە 13 مىليون 500 مىڭ توننىدىن ئاشلىق سەرپ قىلىنغان، بۇ ئاشلىقلار بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۈچ يىل يېيىشىگە يېتىدىكەن.»

ئابلەت مەمەت ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى:

— زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ، شۇنچە كۆپ تاماكا، شۇنچە كۆپ ھاراق بېسىلىپ قالماي سېتىلىپ، ئىستېمال قىلىنىپ تۈگەيدۇ، بىراق، ئادەتتىكى بىر ناھىيە كىتابخانىسىدىلا 567 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كىتاب ـ ماتېرىيال بېسىلىپ قالىدۇ؟! سەۋەنلىك زادى كىمدە!؟ ئاخىرى ئۇ، ھەممە سەۋەنلىكنى كىتاب ئوقۇشنى خالىمايدىغان خەلققە ئارتىپ قويۇپلا، بۇتناپ كىتابخانىنى

تاقاپ قويۇشنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ، ئۇ كىتابخانا تۈزۈلمىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، خادىملارنىڭ مۇلازىمەت ئېڭىنى ياخشىلاپ، شۇ ئارقىلىق ھايات - ماماتلىق چېگرا سىزىقى ئۈستىدە تۇرغان كىتابخانىنى قۇتقۇزۇپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، ھەرقانداق ئىشنى رەھبەرلىكنىڭ بىۋاستە قول سېلىشى بىلەن قىلىشنى يولغا قويدى. ئۇچىسىغا ئىش كىيىمى كىيىپ، كىتاب ئامبىرىغا كىرىپ، ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلەپ، قالدۇق كىتابلارنى رەتلەش، تۈرگە ئايرىش خىزمەتلىرىنى بېجىرىپ، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ يوليۇرۇق بېرىش ئىستىلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «ئىتتىپاقلىشىپ، 150كۈن مۇرنى-مۇرىگە تىرەپ جاپالىق ئىشلەش، قەرزدارچىلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەرچە، جاپالىق ئىشلەش چاقىرىقى ئارام ئېلىپ كۆنۈپ قالغانلارغا ياقمىسىمۇ، ئاخىرىدىكى «قەرزدارچىلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش» چاقىرىقى ھەممىگە ياقتى، شۇڭىمۇ كىتابخانىدىكى 13 نەپەر خادىم 12 سائەتتىن ئىشلەپ، قىسقىغىنە بەش ئاي ئىچىدە ئامبارىدا بېسىلىپ قالغان 300 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى ھەرقايسى يېزا - بازارلارغا ئېلىپ چىقىپ ساتقاندىن سىرت، ناھىيە بازىرىدىكى كىتاب سېتىش ئورنىنى بىردىن تۆتكە كۆپەيتتى ۋە كىتاب سېتىپ چىقىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە بانكا قەرزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تۆلىۋەتتى. ئابلەت مەمەت ھەم بېرىلىپ ئىشلەش، ھەم خادىملار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. نەتىجە ھەممىنى سۆيۈندۈردى، تۇنجى قېتىم مائاش، مۇكاپاتنى تولۇق

ئېلىش پۈرسىتىگە ئېرىشكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئىشلەيدىغانلا بولسا، قىيىنچىلىق ئاستىدىمۇ غەلىبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق رولى جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچى ئۆز تۇرمۇشىنى كىتابخانىنىڭ تەقدىرى بىلەن چېتىپ قارايدىغان، كىتابخانىنى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسى دەپ تونۇيدىغان ياخشى بىر ھالەت شەكىللەندى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت قىلىشقا بولمايتتى، ئابلەت مەمەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشىگە مۇھتاج ئىدى.

## 5

ھەربىر ئىش، ھەربىر ھەرىكەتتىكى سىناقنىڭ نەتىجىسى ئۇنى بىۋاسىتە قىلغۇچىنىڭ قوماندانلىقىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى، خەلققە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مانا بۇ ئاشۇ رەھبەرنىڭ رەھبەرلىك تەختىنى ئۇلدايدىغان كېسەك ياكى ئۇنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇلغان پالتا بولۇپ قالىدۇ، ئابلەت مەمەتمۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا ئەنە شۇنداق قىيىن سىناققا دۇچ كەلدى.

1991 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى كېچىسى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتاتتى، بۇ كېچىدە ھېچكىمنىڭ سىرتقا چىققۇسى يوق ئىدى. ھەممە ئۆز ئۆيلىرىدە تەشۋىش ئىلكىدە يامغۇرنىڭ

تېزراق توختىشىنى كۆتۈپ، تورۇسقا تەلمۈرۈپ ياتاتتى، پەقەت ئابلەت مەمەتنىڭ خىيالىلا ئۆز ئۆيىدىن ھالقىپ چىقىپ، كىتابخانىدىكى ھەرقايسى ئامبار، ئىسكىلات، ئائىلىلىكلەر ئۆيى، كىتاب ماگىزىنى قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى، ئاخىرى ئۇ ھېچبىر ئىككىلىنىپ تۇرمايلا كىيىنىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— نەگە ئەمدى بۇ يېرىم كېچىدە؟! — دەپ سورىدى ئايالى ئايسۇلتان.

— يامغۇر بەك قاتتىق يېغىپ كېتىۋاتىدۇ، كونا شەھەردىكى كىتاب ماگىزىنىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، شۇ يەرگە بېرىپ باقاي...

— ۋاي، بولدى قىلسىلا، ئاش بولسا قازان، جان بولسا جاھان دەپتىكەن، ھەر ئىش بولسا ئەتە تاڭ يورىغاندا قىلسىلا، ھازىر يېرىم كېچە يوللار پاتقاق - تېيىلغاق...

ئابلەت مەمەت ئۈن - تۈنسىز ھالدا سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئايسۇلتانىنىڭ ئۈنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن سوزغان قولى قاتتىق گۈلدۈرماملىق چاقماقلار ئارىسىدا تەمتىرەپ توختاپ قالدى. قىلىچنىڭ بىسىدەك ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ ئۆتكەن چاقماقنىڭ بىردەملىك يورۇقىدا كۆزگە تاشلانغان يېگانە گەۋدە يامغۇر سۈيىنى شالاپلىتىپ كەچكىنچە يىراقلاپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئايسۇلتان كىملەرنىڭكىدۇر ئىشكىنىڭ قېقىلغانلىقىنى، ئارقىدىنلا ئابلەت مەمەتنىڭ كىملەرنىدۇر چاقىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى، يەنىلا يامغۇر شارقىراپ چۈشمەكتە، ھاۋا گۈلدۈرلىمەكتە ئىدى.

كۆندىلىك تۇرمۇش — شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئومۇملۇق، بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئادىللىق گىرەلىشىپ كەتكەن بىر گەۋدە، گاھ ئۇلارنىڭ بىرى غالىب كەلسە، گاھ

يەنە بىرى غالىب كېلىدۇ، شۇڭىمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا سەۋەنلىك، خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئايسۇلتان ئېرىنى توسۇپ قالماقچى بولدى. بۇ، ئۇنىڭدىكى كۆيۈنۈش، شەخسىيەتچىلىك ھېسسىياتىنىڭ غالىب كېلىشى ئىدى. كېيىن ئۇ، شۇ گەپلەرنى يات بىرى ئاڭلاپ قالغاندەك ئوڭايسىزلاندى ۋە ئېرىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى تىلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىك قىلىپ كەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى، ئۇ ھەيران قىلىشقا، ئۆز ـ ئۆزىدىن، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئادەتتىكى ئائىلە ئايالى ئەمەس، ھەممىدە ئۇمۇمنى، خىزمەتنى، ئۈنۈمنى، نەتىجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، «يەكەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ مۇنەۋۋەر، ئىلغار ئىشچىسى ـ ئايسۇلتان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئېرىنىڭ خىزمەتلىرىگە پەرۋاسىزلا قارايدىغان، خاراموش يۈرۈيدىغان بىر ئائىلە ئايالى ئەمەس، ئېرىنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ خىزمەت ئىشلىشىگە ياردەملەشكەن، ئىسسىق چاي، مەززىلىك تائاملارنى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىغىچە توشۇپ، ئۇنى قوللىغان، ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن ئايسۇلتان ئىدى. ئۇ، مەن دېگەن ئايال كىشى، ئاجىز، يۈكىنىڭ ئېغىرىنى ئەر بولغۇچى كۆتۈرۈشى كېرەك دەپ يۆلىنىۋالىدىغان يارامسىز ئاياللاردىن ئەمەس، ئۆيىنىڭ بارلىق ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بالىلارنى ياخشى بېقىپ، تەربىيىلەپ، ئاسراپ، ئېرىنىڭ ئائىلىدىن خاتىرجەم ھالدا خىزمەت ئىشلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن كۆيۈملۈك، سۆيۈملۈك، تەدبىرلىك ۋە جاسارەتلىك ئايسۇلتان ئىدى.

كىتابخانىدىكى بىرقانچە خانىمنى باشلاپ كونا شەھەردىكى كىتاب ماگىزىنىغا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتتە

يېتىپ كەلگەن ئابلەت مەمەت ماگىزىن ئىچىگە كىرىپلا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە تولىمۇ ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ماگىزىندىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، 1400 يۈەن قىممىتىدىكى 900 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن بىر تەرەپتىن خادىملارنى يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلەپ، ئىككى سائەت ئىچىدە كىتابلارنى بىخەتەر ئورۇنغا يۆتكەپ، چۆمكەپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىماللى بولغان ئېغىر ئىقتىسادىي زىياننىڭ ۋە يامان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

سەن ھايات جەڭگاھىدا بىر چەۋەنداز بولساڭ، ئەتراپىڭدا نۇرغۇنلىغان ئىزچى بار، سەن ئەنە شۇ ئىزچىللارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلىسەڭلا ياراملىق چەۋەندازلاردىن بولالايسەن، بىر رەھبەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال دەل يۇقىرىقىدەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار ھەم ئەگەشكۈچى، ھەم باھالىغۇچى، سەن ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىڭدە پەخەس بولۇشۇڭ، ئۆز ھەرىكىتىڭ، قەدىمىڭگە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلالىساڭلا پۇقرالارنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيسەن، ئەكسىچە بولغاندىچۇ، سەن ئۆزۈڭنى قانچىلىك بەھەيۋەت ۋە كۈچتۈڭگۈر چاغلىساڭمۇ، ئىنسانلار ئورمىنى يوق دوڭنى توختاۋسىز چىقىۋاتقان غۇر ـ غۇر شامال يالاپ تۈگەتكەندەك، سېنىمۇ يېتىمسىراش، غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت ـ نادامەت شامالرى يالاپ تۈگىتىدۇ.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بۇ جەمئىيەت بەخت بىلەن بەختسىزلىك، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان چوڭ سەھنە، ئىنسانىيەت خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇش

بىلەن بىرگە يەنە غەم ـ قايغۇ، خاپىلىقلاردىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. تاسادىپىي خۇشاللىق، تاسادىپىي بەختسىزلىكلەر سىز ـ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا ئەتراپىمىزنى ئەگىپلا يۈرۈيدۇ، ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا بولغان ھەقىقىي كۆيۈنۈشى، ھېسداشلىق قىلىشى ئەنە شۇنداق تاسادىپىي پەيتلەردە ھەقىقىي سىنىلىدۇ ۋە مەڭگۈ ئەستە ساقلىنىدۇ. كونا شەھەردىكى كىتاب ماگىزىنىدىكى ئىشلارنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ كىتابخانا ئائىلىدىكىلەر قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە ئابلەت مەمەت چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن، كىيىملىرى ئۇستىخانلىرىغا چىڭ يېپىشقان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ھارغىنلىق ۋە سوغۇق ئازابىدىن سىرقىراپ ئاغرىيتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ دەرھال ئۆيىگە كىرىپ، ئىسسىق يوتقانغا چۆمكىنىپ بىردەمغىنا ئارام ئالغۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بۇنىڭغا يول قويمىدى، ئۇ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ، بىرەرىنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى ـ دە، دەرھال ھەمراھلىرىنى باشلاپ تەكشۈرۈشكە كىرىشتى، ئۇلار ئىدارە شوپىرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا شوپۇرنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىۋالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ياغاچ كېپىكى، كۆل قاتارلىق نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ، يامغۇر سۈيىنىڭ ئۆي ئىستاتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سەپەرگە چىقىپ كەتكەن شوپۇر ياڭ زىرۇڭنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى خاتىرجەم قىلدى، كېچە سائەت ئىككىلەردىن ئاشقان بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي سىرتقا چىقىپ يامغۇر سۈيىگە مىلىنىپ ئولتۇرغان ياڭ زىرۇڭنىڭ ئائىلى

خۇددى پايانسىز كەتكەن دەشتى ـ باياۋاندا تۇيۇقسىز بىر يول
بەلگىسىگە ياكى بىر شىرىن بۇلاققا ئېرىشكەن ئازغۇن
يولۇچىدەك شادلىنىپ كەتتى ۋە ئابلەت مەمەت
باشچىلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ سەمىمىي، قېرىنداشلارچە
ياردىمىدىن سۆيۈنگەن ھالدا:

— سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ئۆمۈرۋايەت
ئۇنۇتمايمەن، رەھمەت سىلەرگە، — دېدى.

ساپ ۋە سەمىمىي يۈرەكتىن چىققان، ئەمما ئاددىي
جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن بۇ رەھمەت سۆزى ئابلەت مەمەتنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ھارغىنلىق ئالامەتلىرىنى چىقىرىپ
تاشلىدى، شۇنداق، ئىنسان خۇشاللىقلارنى ئارزۇ قىلىدۇ،
مېھرى ـ مۇھەببەت، غەمخورلۇقلارغا مۇھتاج بولۇپ
تۇرىدۇ، مېھرى ـ مۇھەببەت بولسا ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتى، يۆلەنچىكى بولۇپ، ئۇ، ھەممىنى
بويسۇندۇرغۇچى قۇدرەتكە ئىگە، ئۇ، كۈچلۈكلىكتە
تەڭداشسىزلىقتا، زامان ئوقۇمىدا مەڭگۈلۈككە مەنسۇپ،
مېھرى ـ مۇھەببەت ماددىي ۋە مەنىۋىيلىكتىن ئىبارەت
ئىككىلا مەنادا ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتىكى
مېھرى ـ مۇھەببەت، ماددىي جەھەتتىكى مېھرى ـ
مۇھەببەتنى بېسىپ چۈشىدۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆزىمۇ مەنىۋىيلىكنىڭ
قايىم بولۇشى ۋە پارتىلاپ چىقىشى بولۇپ، مەنىۋىيىتى باي
كىشىلەرنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى كۈچلۈك بولىدۇ،
ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، مەنىۋىيەت قويۇق بولغان جەمئىيەتتە
مېھرى ـ مۇھەببەت تولۇپ تاشقان بولىدۇ، شۇ كۈنى ئابلەت
مەمەت ئۆز ئىشىدىن رازى بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ
شۇ كۈندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بىر ياخشى
قوماندانغا ئېرىشكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىشتى، ئەنە شۇ

ئىشتىن كېيىن كىتابخانا ھاياتىدا ھەقىقىي بىر ئىناقلىق، يېقىنچىلىق بارلىققا كېلىپ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە، غەلىبە — شان - شەرەپ دېگەن ئورتاق ئىدىيە شەكىللەندى، نەتىجىدە، بۇ كىتابخانا 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئوبوروت سوممىسىنى 1 مىليون 175 مىڭ يۇەنگە يەتكۈزۈپ، بانكا قەرز پۇلىنى تەلتۆكۈس تۆگەتتى.

ئىنسان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈنجى غەلىبە، تۈنجى ئەمگەك مېۋىسى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىزدۇر. ئۇ كىشىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەشئەلدۇر، ئاشۇ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى ئابلەت مەمەت ئۈچۈن كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇكاپات ۋە ئىش ھەققىنى ئىش ئۈنۈمىگە باغلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بىر قاتار جانلىق چارە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئىچكى خىزمەت مېخانىزمىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى، ئۇنى يەنە زور غەلىبە، شان - شەرەپ، مۇۋەپپەقىيەت كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ، كۆز ئالدىدىكى بۇ نىشان ئۈچۈن ئۆزىدە تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزدى.

**6**

ۋەيران بولغان ياكى ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان، قەرزدارچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كارخانىلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىش - ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، ئىش ھەققى، مۇكاپات دېگەنلەردىن غەم قىلمايدىغان بولۇش. بۇنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ئابلەت مەمەت

ھېمىشە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشنىڭ غېمىدە بولدى.

كىتاب سودىسى — ئەقىل سودىسى، كىتاب سودىسى — نازۇك سودا، ئۇ، كىشىدە زىيادە ھوشيارلىق، سەزگۈرلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردا بەلگىلىك بىلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىتاب سودىسىدا بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولغان ئابلەت مەمەت كىتاب كەلتۈرۈشتە ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، زاكاس قوبۇل قىلىش، كىتابلارنى ۋاقتىدا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتى. بولۇپمۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالىنى كەلتۈرۈش، تارقىتىش ئىشىنى ئالاھىدە سۈپەتلىك ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا دەرس باشلاش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئۇ، دەرسلىك ماتېرىيال تارقاتقان مەزگىلدە كۈنىگە 13 سائەت ئىشلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كىتاب ئالغىلى كەلگەنلەرنى ئامال بار شۇ كۈنى يولغا سېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. يىراقتىن كەلگەن، كەچ قالغان، توپ كىتاب ئالغان كىتابخانىلارغا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا مەخسۇس ياتاق قۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقسىز ياتاق، چاي، مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتتى. قاتناش قولايسىز يېزا - بازار ۋە مەكتەپلەرگە كىتابنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بېرىپ، كىرا ھەققىدىن كېلىدىغان پايدىنى مەكتەپلەرگە ئۆتۈنۈپ بەردى. ئارتۇق زاكاس قىلىنىپ قالغان، مەكتەپلەردە بېسىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان كىتابلارنى باشقا لازىملىق كىتابلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، مائارىپ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

ئىنسان ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى بىلىش، ئۆزگىنى بىلىشتىن نەچچە ھەسسە مۇھىم ھەم قىيىن. پەقەت ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ يەنە كىملەر بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قانداق ئادەم دەپ قارىلىدىغىنىنى تونۇپ يەتكەن ئادەملا ئەڭ بەختلىك، ئەڭ

ئىستىقباللىق ئادەمدۇر. ئابلەت مەمەت ئۆزىنىڭ بىر مۇلازىمەتچى، پەقەت مۇلازىمەت ئارقىلىقلا باش كۆتۈرۈپ، پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەت تارىخىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئالغان ئاساستا خېرىدارلارنى، كىتاب سېتىۋالغۇچىلارنى ئەڭ هۆرمەتلەيدۇ. ئەڭ قەدىرلەيدۇ.

1993 - يىلى 2 - ئاي، مەكتەپلەرگە دەرسلىك تارقىتىشقا باشلىغان ئىككىنچى كۈنى ئىدى. تۇيۇقسىز قاغىلىق ناھىيىسىدىن تېلېفون كېلىپ، ئابلەت مەمەتنىڭ ئانىسىنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ دەرسلىك ماتېرىياللارنى تارقىتىشتا ئۇ چوقۇم ئىش ئۈستىدە بولمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ تۇرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. ئۇ، ئامالسىز تېلېفون بەرگۈچىدىن ئۆزىر سوراپ، ئۆزىنىڭ هازىرچە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىنىسى كىرىپ، ئانىسىنىڭ هازىر هوشسىز ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ دەرهال چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ ئىنىسىنىڭ كۆزلىرىگە بىر خىل ئىلتىجالىق تەرىزدە تىكىلىپ تۇرۇپ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىنىسىدىن، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئۆتۈنگەن، ئەپۇ سورىغاندەك بىر تۇيغۇ چىقىپ تۇراتتى، — كۆرۈپ تۇرۇپسەن، شۇنچە كۆپ ئادەم كىتاب ئالىمەن دەپ تۇرسا، مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمايلا چىقىپ كەتسەم بولمايدۇ؟

— ئاكا، — دېدى ئۇنىڭ ئىنىسى نېمە ئۇچۇندۇر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، تىترەپ تۇرۇپ، — كىتاب ئالىدىغانلار بۈگۈن ئالالمىسا ئەتە ئالار! بىراق، ئانىمىز بۇ قېتىم بىر تىنىقتىن قالسا. . . قايتا كەلمەيدۇ جۇمۇ.

— بىلىمەن. — دېدى ئۇ، — بىراق . . . — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

«ئانا، ئۇ — ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، مېنىڭ بۇگۈنىمنى ياراتقۇچى، مېنىڭ تومۇرۇمدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقىنى ئۇنىڭ قېنى، كۈچ - قۇۋۋىتى، مادارى، جاسارىتى، كۆزلىرىمنى يورۇتۇپ تۇرغىنى ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدەك مېھرىلىك ۋە پاك، مېھرى - مۇھەببەت، ۋاپا - ئەقىدە بىلەن تاۋلانغان ئاپئاق سۈتىنىڭ خاسىيىتى! ئۇ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئاجايىباتلارنى ماڭا بەرگەن، ماڭا بېرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى يىقىلغان. شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ بېشىمدا قاراپ تۇرۇشۇمنى، تارتقان جەبرى - جاپالىرىنىڭ شاھىدى بولغان قاداق باسقان قوللىرىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ سىقىشىمنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ — ھە!» ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن ھاياجانلاندى.

ئۇنىڭ باللىرىغا خاس يۇرىكى ئېچىشتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ئازابلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، خىزمەتنى بىرەر - ئىككى كۈن توختىتىپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەنمۇ بولاتتى، لېكىن پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدىكى 260 دىن كۆپرەك مەكتەپتىكى 120 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالىغا تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان سەبىي كۆزلىرى ئۇنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇشىغا يول قويمىدى. ئۇ ئاخىرى ئىنىسىنىڭ يۈزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا ئىنىسىدىن ئەپۇ سوراپ، ئانىسىنى دەرھال قەشقەرگە يۆتكەپ، شۇ يەردىكى تۇغقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋالىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تاپىلىدى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان ئىنىسى ئىشخانا ئىشىكىنى جالاقلىتىپ يايپىنىچە چىقىپ كەتتى. ئىشىك جالاقلىدى. زەنجىر، قۇلۇپلار شاراقلىدى. ئاشۇ جالاقلاش، شاراقلاشلار بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى، جىسمى بىلەن قوشۇلۇپ تىترەپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھەممىگە چىدىدى.

1993 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ ئۇ يەنە تىجارەت

يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن 18 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى پۈكىيى تەسىس قىلىپ، يېڭى بىر تىجارەت يولىنى ئاچماقچى بولدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ بىر پۈكەينى تەسىس قىلماقچى بولغانلىقى كىتابخانىدىكى بىرقانچە ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

ــ بولدى قىلايلىچۇ جىڭلى. مەدەنىيەت تىجارىتى دېگەندە ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق. قىلغان ئەجرىمىز بىكار كېتىپ قالارمىكىن؟ ئۇنىڭسىزمۇ هازىر كۈنىمىز يامان ئەمەس كېتىپ بارىدىغۇ. ــ دېيىشتى ئۇلار. ئابلەت مەمەت ئۇن ـ تۈنسىز ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. ئارتۇقچە بىر نەرسە دەپمۇ كەتمىدى. بەلكى ئۇنىڭ خىيال قۇشى نەلەرگىدۇر پەرۋاز قىلدى.

ــ توغرا، ــ دېدى ئۇ كەڭرى، ئازادە، زامانغا لايىق بېزەلگەن ئىشخانىسىدا ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئايلانما ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ، ــ قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكى، 12 مۇقامنىڭ ئانا ماكانى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان يەكەندە هازىر ئەڭ ئوبدان ئېقىۋاتقان ئىش مەدەنىي بۇيۇملار تىجارىتى، كىتاب تىجارىتى ئەمەس، بەلكى يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى، هاراق ـ تاماكا، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى. بۇ قەدىمىي شەھەردە تەرەققىي قىلدى دېسە، ئالدى بىلەن رېستورانلىرى تەرەققىي قىلدى دېسە بولىدۇ، قەدەمدە بىر رېستوران، قەدەمدە بىر سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى، رېستوران شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىر كۈن بۇرۇن، هېچ بولمىغاندىمۇ بىرقانچە سائەت بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ غىزالىنىش ئۈچۈن دوستلىرىڭىزنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىڭىزنى دەپ، خوجايىنغا ئولتۇرىدىغان ئورۇننى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويمىسىڭىز كەچتە ئولتۇرىدىغانغا، هۇزۇرلىنىپ، كۈلۈپ ـ تىلىقىپ، هىجىيىپ، قەلب چۈشەندۇرۇشۇپ، دوستلىرىڭىزنىڭ بويىنغا گىرە سېلىپ

ئېسىلىپ تۇرۇپ، ھاراق - ئىچىمىلىكنىڭ ۋەكىلى مايسىلىق تۇرمۇشتىكى ئىشلار
قالىدۇ. مانا بۇ يەردە يىگەن تاماقنىڭ، قورۇمىلارنىڭ
باھاسىنى سوروۇشتە قىلىشنى خالىمايسىز. بۇ جايدا باھا
سورۇشتۇرىدىغان، باھا تالىشىدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس.
ئەگەر شۇنداق ئويلىسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ «چىدىماس»،
«چۇپەي»، «سورۇندارچىلىقى يوق» دېگەندەك يېگىدىن -
يېڭى نامىلارغا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭىزدىن قورقۇپ بولسىمۇ،
يۇرىكىڭىزنىڭ ئېچىشقىنىنى، بىر يەرلىرىڭىزنىڭ
غىدىقلانغىنىغا قارىماي، پۇلنى مەردلەرچە تۆلەپ چىقىپ
كېتىسىز. لېكىن، ئۆزىمىز كۆندىلىك خىزمەتلەر جەريانىدا
ئىشلىتىدىغانغا بىرەر قەلەم، بىرەر خاتىرە سېتىۋالماقچى
بولساقچۇ؟ ئۇنىڭ باھاسىغا قايتا - قايتا قارايمىز. ئۆز
كۆزىمىزگە، ئېڭىمىزغا، تۇيغۇمىزغا ئىشەنمەي يەنە
سورايمىز، باھا تالىشىمىز، تاكاللىشىمىز، ئاخىرىدىچۇ،
بىر كوي، ئىككى كوي ھەتتا بىرقانچە موچەننى دەپ چىقىپ
كېتىمىز. بىرقانچە ماگىزىننى زېرىكمەي تەپسىلىي
ئايلىنىپ چىقىمىز. بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋالماقچى
بولساق ئالدى بىلەن ئۇنىڭ باھاسىغا قارايمىز، «كىتاب -
ژۇرنالنىڭ باھاسى بەك ئۆسۈپ كەتتىيەي» دەپ زارلايمىز،
قاقشايمىز. ئەنە شۇ چاغدا «بىز يەپ بۇزۇپ - چاچقان
تاماقنىڭ، ھاراقنىڭ باھاسى ئۆستىمۇ - يوق؟ بىز يەپ
بۇزۇپ - چاچقان تاماق، ھاراقنىڭ پۇلىغا مۇشۇنداق
كىتابتىن قانچىسى كېلەر» دېگەننى ھەرگىزمۇ ئويلىمايمىز
ۋە خىيالىمىزدىن كەچۇرۇپ قويمايمىز. مانا بۇ بىزدىكى
كەيپىلىكتىن خالىي چاغدىكى سودا ئېڭى. بىز پۇلنى ئوك
ۋاقتىمىزدا تېپىپ، تېجەپ، سىقىپ يالايمىز. ھوشىمىزنى
يوقاتقاندا، كەيىپ بولغاندا خەجلەپ توگىتىمىز ۋە شۇنداق
قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئوخشايمىز. بىرەر ئەھمىيەتلىك

ئىش قىلىشتىن ئارام ئېلىشنى، تاماق يېيىشتىن هاراق ئىچىشنى، ماتېرىيال كۆرۈشتىن بىلىيارت ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان خەلققە ئايلىنىپ قالغان بولساقمۇ، يەنىلا مەدەنىيەت تىجارىتى قىلماي بولمايدۇ. ھەممە ئادەم يېمەك- ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەتسە، مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولمىسا، بۇ شەھەر نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ بىزنىڭ خەلقتىن، مىللەتتىن ئاغرىنىشقا، ئۇلاردىن بۇتناشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. بىر رېستوران، بىر قاۋاق، بىر سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بىرقانچە كۈن تاقىلىپ قالسا، ئومۇمىي كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ناھىيە زېمىنىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدا بۇ ھەقتە ھەرخىل سۆز چۆچەك، ھېكايىلەرنىڭ تارقىلىدىغانلىقى، ياشلىرىمىزنىڭ، يىگىتلىرىمىزنىڭ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى راست، كىتابخانا، مەدەنىيەت مەركىزى بىرقانچە كۈن، ھەتتا بىرقانچە ھەپتە ئېچىلماي قالسا، شۇنىڭدەك 45 يىلدىن بىرى ھەرخىل بوران - چاپقۇن، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆز ئورنىنىڭ مەدەنىيەت كۆزنىكىلىك رولىنى ئويناۋاتقان «يەكەن گېزىتى» بىر قانچە سان چىقىشتىن توختاپ قالسا، ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئالدىراپ ئۆزىنىڭ سۆھبەتدىشىنى تاپالمايدۇ. چۈنكى بۇ ناھىيىنىڭ 29 يېزا - بازىرىنىڭ ھەممىسىدە، 505 كەنت كومىتېتىنىڭ ھەممىسىدە هاراق - تاماكا سېتىش بوتكىسى، هاراق ئىچىش ئورنى، بىلىيارت ئويناش مەيدانى بار. مانا بۇ رېستورانلار، قاۋاقلار ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان ياشلىرىمىزنىڭ جەم بولۇش سورۇنى، لېكىن بۇ جايلارنىڭ ھېچقايسىسىدا كىتاب - ژۇرنال ئوقۇش ئۆيى، كىتاب -

ژۇرنال سېتىش، تارقىتىش مەركىزى يوق. بار دېيىلسە خېلى كۆپ يېزا - بازارلاردا پەقەت ئىككى مەدەنىيەت خىزمىتى باھالىنىشى كەلسىلا ئېچىلىدىغان، بولمىسا ئاي - ئايلاپ بىرەر كىشىنىڭ كىرمەسلىكى تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قالغان مەدەنىيەت ئۆيلىرىلا بار، خالاس. شۇنداقتىمۇ بىز كۈچ، ئەقىل - پاراسەت سەرپ قىلىپ، خەلق ئۈچۈن مەدەنىيەت تىجارىتى، مەدەنىيەت مۇلازىمىتى قىلىشىمىز كېرەك. خەلقتىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنىغا تىجارەت ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشىمىز، كۆندۈرۈشىمىز كېرەك.

بۇ ئابلەت مەمەتنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى ئىدى. شۇڭا ئۇ، شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدى ۋە شۇنداق قىلدى. ئەمەلىيەت داۋامىدا شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار ئادەمنىڭ قىلماسلىقىدىن، جۈرئەتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن قالىدىكەن. 1994 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا مۇشۇ پۇكەيدىن 132 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىپ چىقىرىلىپ، پايدا 66 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى سەۋەنلىكنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئىزدەشنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى ۋە غەلىبىسى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كىتابخانا خېرىدارلار ئۈچۈن ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەپتىدە سەككىز كۈن تولۇق ماگىزىن ئېچىش، خادىملار ئىسمېنا بولۇپ ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىپ كىرىمنى ئاشۇردى.

ساپ ۋە سەمىمىي نىيەت بىلەن قىلىنغان مېھنەت، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق ھامان مېۋە بەرماي قالمايدۇ. ئابلەت مەمەت باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا خادىمنىڭ مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئېلىپ بارغان

تىرىشچانلىقى بىكار كەتمىدى. 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئوبوروت سوممىسى 1 مىليون 175 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بانكا قەرزىنى تەلتۆكۈس تۆگەتكەن بۇ كىتابخانا 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئومۇمىي سېتىپ چىقىرىش سوممىسىنى 2 مىليون 285 مىڭ 498 يۈەنگە، ساپ پايدىنى 115 مىڭ 298 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1993 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ساپ پايدىنى %128 ئاشۇردى. 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئومۇمىي سېتىپ چىقىرىش سوممىسىنى 6 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىنى 847 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ساپ پايدىنى 1996ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %12 ئاشۇردى.

ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، كارخانا روناق تاپقاندىن كېيىن، ھەرقانداق بىر دىرېكتورنىڭ ئويلايدىغىنى ئالدى بىلەن ئىچكى خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش بولسا كېرەك. ئابلەت مەمەت بۇ نۇقتىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن دىرېكتورلارنىڭ بىرى. ئۇ، مۇشۇ ئۆتكەن بىرقانچە يىل ئىچىدە 299 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، 120 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا ئىككى ئېغىز كىتاب ئامبىرى، 232 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە تۆت ئائىلىلىك ئولتۇراق ئۆي سېلىپ، ئۆي، ئىسكىلات شارائىتىنى ياخشىلاپلا قالماي، 320 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ بىر كىچىك، بىر چوڭ ئىككى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، ھەم قاتناش شارائىتىنى ياخشىلىدى، ھەم ترانسپورت كىراسىدىن ئىبارەت يېگى بىر كىرىم مەنبەسىنى ئاچتى. ئۇ، خىزمەت شارائىتىنى ئەنە شۇنداق ياخشىلىغاندىن سىرت ئەينى چاغدىكى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان كىتابخانىنى 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلى، 663 مىڭ 521 يۈەن قىممىتىدىكى مۇقىم مۈلكى بار ئورۇنغا ئايلاندۇردى.

ئەمەلىي خىزمەت ئادەمنى ھامان شان ـ شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىدۇ. ئابلەت مەمەت كىتابخانىنى يەتتە

يىلدىلا ئىقتىسادىي روناق تاپقان، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلىرى يۈرۈشلەشكەن، يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر كىچىك نوچىغا ئايلاندۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ مېھنىتى بىلەن تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشتى. 1992 - يىلى بۇ كىتابخانا تۆت تۈر بويىچە ئىلغار كىتابخانا بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغاندىن سىرت، ئابلەت مەمەتمۇ ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرغۇچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 1993 - يىلى يەنە ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. 1994 - يىلى 3 - ئايدا «جۇڭخۇانى سۆيۈش، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش» تېمىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كىتابلارنى كۆپلەپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەرىپىدىن تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1997 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، كادىرلار نازارىتى ئۇنىڭغا «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىپ، 10 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى ۋە يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە بەش ئىلغار كوللېكتىپ ئورۇنىنىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە شىنخۇا كىتابخانىسى سىستېمىسىدىكى 250 مىڭ نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ۋاكالىتەن 100 نەپەر كىشى قاتناشقان تۇنجى نۆۋەتلىك ئەڭ ئالىي جۇڭگو كىتاب - ژۇرنال تارقىتىش مۇكاپاتىنى نەقلەشتۈرۈش يىغىنىدا ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئىككى نەپەر كىشىنىڭ بىرى بولۇپ قاتناشتى.

## 7

ھايات سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك. شەرەپ ناھايىتى ئۇلۇغ ھەم كۈچلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە، لېكىن ئۇ ساڭا مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە نازۇكلۇقنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، بېيجىڭ، خەلق سارىيى شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان كاتتا يىغىنىنىڭ مۇكاپاتلاش سەھنىسى. بۇگۈنكى يىغىندا مۇكاپاتلىنىدىغان 100 نەپەر كىشىنىڭ ئارىسىدا بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن، ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىرلا ئۇيغۇر يىگىتى بار ئىدى. بۇ يىگىت پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى 8 مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر خەلقىگە ۋاكالىتەن شەرەپ سەھنىسىدە تۇرۇۋاتاتتى. دۆلەتلىك ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يى يۇشەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتىگە: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسى تۇنجى قېتىملىق ئاخبارات-نەشرىيات سىستېمىسى بويىچە ئەڭ ئالىي مۇكاپات ‹جۇڭگو كىتاب - ژۇرنال مۇكاپاتى›نى باھالاش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق ئابلەت مەمەتكە مەملىكەت بويىچە كىتاب - ژۇرنال تارقىتىش كەسپىدىكى ئەڭ يۇقىرى شان - شەرەپ مۇكاپاتى بېرىلدى» دېگەن قۇرلار پۈتۈلگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە زال ئىچىدە گۈلدىراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. مانا بۇ، ئابلەت مەمەتنىڭ جاپالىق خىزمىتى بەدىلىگە كەلگەن ئەڭ چوڭ شان - شۆھرىتى، ئەڭ چوڭ بايلىقى ۋە بەختى ئىدى. شۇنداق، بۇ ماختىنىشقا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان،

مەڭگۈ ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدىغان بىر كۈن ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جۇڭنەنخەيدە گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن 100 نەپەر ئەزىمەتنى قوبۇل قىلدى. بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنخۇا كىتابخانىسى سىستېمىسىدىكىلەرنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىشى ئىدى. ئابلەت مەمەت ئاشۇ ھاياجانلىق مىنۇتلاردا ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى، ئۆزى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئاز ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

شان ـ شەرەپ ئاشكارا، ئوچۇق ـ يورۇق ھالدا كەڭ جامائەتنىڭ ئالدىدا بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ھەممە سۆيىنىدۇ، شادلىنىدۇ. لېكىن، ئاشۇ شەرەپكە ئېرىشىش يولىدا قىلىنغان مېھنەتلەر ئارىسىدا شەرەپكە ئېرىشكۈچىدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان نۇرغۇن سىر، مۇشاقەتلىك كۆرۈنۈشلەر بولىدۇ. پەقەت 10 نەچچىلا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولغان بۇ كىتابخانا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر يىللىق يازلىق ۋە قىشلىق تەتىلدىن كېيىن، دەرسلىك تارقىتىش، دەرسلىكلەرنى ئامبارلاشتۇرۇش، رەتلەش، تۈرلەرگە ئايرىش بىر مۇشكۈل خىزمەت. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا مۇئەللىپ چىراغ يورۇقىدا كىتاب رەتلەۋاتقان بارلىق خادىملارنى كۆردى ۋە ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كېچىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى سورىغاندا بۇ كىتابخانىنىڭ كىتاب ئامبارچىسى ئېلى ھۈسىيىن مۇنداق دېدى:

ــ ئەمگەك جاپالىق، دەمالىققا ئادەمگە ياقمايدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا قىلىنغان ئەمگەك

تېخىمۇ شۇنداق، ئادەمنى بەك ئاسان چارچىتىۋېتىدۇ. بىراق، ئەمگەك قىممەت يارىتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىممىتى ئارقىلىق بىزنى، ئۆزىمىزنى نامراتلىقتىن، يوقسىزلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى بىچارىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. بىز ئىلگىرى يوقسىزلىقنىڭ، قەرزدارچىلىقنىڭ دەردىنى تازا تارتقان، ھازىرقى كۈنلىرىمىزنى سېلىشتۇرساق، ئۆزىمىزنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمىز، سىرتتىن ئادەم ئېلىپ ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ ئۆزىمىز ئىشلەيلى، كىچىككىنە بولسىمۇ بايلىق ئۆز ئورنىمىزدا قالسۇن دەيمىز. شۇڭا مۇشۇ پەيتتە قىلچە چارچاش ھېس قىلمايمىز. بۈگۈنكى ئەمگەكنى دەيلى، رەھبەرلىك بۈگۈن مۇشۇ چاققىچە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرمىغان. ھەممىمىز ئۆزىمىز چىقىپ ئىشلىدۇق. خىزمەت دېگەننى ھەممە ئادەم ئۆزلۈكىدىن سۆيۈپ، قىزىقىپ قىلسا، ئادەمگە بەك يېقىملىق، سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىكەن...

— مەن ئۈچۈن، — دېدى بىر چەتتە كىتاب رەتلەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، كىتابخانىدىن پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئىشچى ئوبۇل چاۋار توپا - چاڭغا مىلەنگەن قوللىرى بىلەن چېكىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — كىتابخانىنىڭ زىيان تارتىشى، پايدا ئېلىشى ماڭا بەرىبىر، چۈنكى مەن ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى بەلگىلەپ بەرگەن پېنسىيە ئىش ھەققىنى ئايمۇ - ئاي تولۇق ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. بىراق، ئەسلىدىكى ئورۇنغا بولغان ئېتىقاد - مۇھەببەت ئادەمنى جىم تۇرغۇزمايدىكەن. ئېنىق قىلىپ ئېيتسام، بۈگۈن بۇ يەرگە مېنى ھېچكىم چاقىرمىدى ھەم چاقىرالمايدۇ. ئەمما ھەممە كىشىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزلۈكىمدىن چىقىپ ئىشلىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا كىتابخانا، ئابلەت جىڭلى مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ

قالغان، قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلغان. . .

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆپكىسى ئېسىلىپ گەپ قىلالماي قالدى. كېيىن ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئابلەت مەمەت ئالدىراش بولۇپ كەتتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ئىككى بىمارنى قەرەللىك يوقلاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تۇر قوشۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ قېيناتىسى ئىدى. يەنى بىرى يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئىشچى ئوبۇل چاۋار ئىدى. ئۇ، خىزمەتنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇشۇ ئىككى بىمارنىڭ ئارىسىدا، ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى سېستىرادىن تارتىپ مەسئۇل دوختۇرغىچە، ھەتتا دوختۇرخانا مەسئۇلىغىچە بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا ھەمكارلاشتى، بىراق شۇنداق قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھالىدا قىلچە ياخشىلىنىش بولمىدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ بىمارلارنى يوقلاپ بارغان ئابلەت مەمەت 40 نەچچە كۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقىنىغا قارىماي ھالىنىڭ بارغانچە ناچارلىشىپ كېتىپ بارغان ئوبۇل چاۋارنىڭ بۈگۈن يەنە باشقىچە ماغدۇرسىزلىنىپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئۇدۇل مەسئۇل دوختۇرنىڭ قېشىغا چاپتى.

ــ ئەپسۇس، ــ دېدى ئابلەت مەمەتنىڭ بىرمۇنچە چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆتۈنۈش سۆزلىرىنى ئاڭلىغان دوختۇر كېسىپلا، ــ بىمار ئۆپكە راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپتۇ، بىز ئۇنۇم بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق

ئاماللارنى قوللىنىپ كۆردۇق، ھازىرچە بىمارنى بىرقانچە كۈن ياخشى كۈتۈۋېلىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. مۇشۇ گەپنى بىمارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بالا - چاقىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.

ئابلەت مەمەت كۆز ئالدىدىكى بۇ دوختۇرنىڭ سوغ ۋە قوپال تەلئەتىگە، پەرۋاسىز ۋە رەھىمسىزلەرچە پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ دوختۇرغا ئېيتماقچى بولغان يېلىنىشى، ئۆتۈنۈش سۆزلىرى بوغىزىدىلا تۇرۇپ قالغانىدى. مۇشۇ قىممەتلىك دەقىقىلەردە ئۇ، بۇ دوختۇردىن مەدەت ۋە شىپالىق تىلەشنىڭ ئۆزىلا ئىتتىن ۋاپا، قارا تۇرۇك ئادەمدىن دۇئا تىلىگەندەك ئەخمىقانە بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. لېكىن «بىمار ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇپتۇ، ئۇنى بىرقانچە كۈن ياخشى كۈتۈۋېلىشتىن باشقا ئامال قالمىدى» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇ، ئۇدۇل بىمارنىڭ كارىۋىتى بېشىغا يېتىپ كەلدى، بىمارنى چۆرىدەپ تۇرغان - بىمارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئابلەت مەمەتكە ئورۇن بېرىشتى ۋە ئۇنىڭغا بىرەر ياخشى ئۇچۇر ئېلىپ كەلسىدى دېگەن تەمە بىلەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىشتى. ئابلەت مەمەت بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمدى ئۇ، 40 كۈندىن بىرى دوختۇرلارنىڭ «تەخىر قىلىڭلار، بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، ئاشۇ يالغان، ياغلىما سۆزدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلگەن بۇ كىشىلەرنى يەنە ئالدىغۇسى كەلمىدى. ئۇ بىمارغا قارىدى. ئوبۇل چاۋارنىڭ ياشقا تولغان نۇرسىز كۆزلىرى «جىڭلى، مېنى قۇتقۇزۇپ قالسىلا، مەن ئۆتۈنۈپ

قالاي» دېگەن جۈملىلەرنى ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك قىلىپ تۇراتتى. ئابلەت مەمەتنىڭ قەلبى نېمىنىدۇر سەزگەندەك قىلدى ـ دە، دەرھال بىمارنى ۋىلايەتتىكى دوختۇرخانىلارغا يۆتكەشنى قارار قىلدى.

ــ ئېلى، ــ دېدى ئۇ كارىۋاتنى چۆرىدەپ تۇرغانلار قاتارىغا كۆز تاشلاپ، ــ سىز دەرھال چىقىپ ياخشى تاكسىدىن بىرنى تېپىپ كېلىڭ، ئوبۇلئاخۇن ئاكىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 ـ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقايلى. مەن بۇ يەردىكى دوختۇرلارنىڭ قويغان دىئاگنوزىدىن گۇمانلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

ھەقىقەت ھامان ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. يۇقىرى سەۋىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىرىلغان دىئاگنوز نەتىجىسى شۇنداق بولدىكى «بىمار ئۆپكە راكى ئەمەس، 40 نەچچە كۈندىن بېرى خاتا دورا بېرىلگەنلىكتىن زەھەرلەنگەن.» ئەنە شۇ بىر قېتىملىق كەسكىنلىك، ئەنە شۇ بىر قېتىملىق ھوشيارلىق ۋە سەزگۈرلۈك بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. قۇتقۇزۇپ قالدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز خىزمەت ئورنىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئەقىدە ۋە مۇھەببەتنى ئۇرغۇتتى. ئابلەت مەمەتنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ روشەنلەشتى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا گۇمان نەزەرى بىلەن قارىغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىشىدىغان بولدى.

شادلىقنىڭ قايغۇسى، كۈلكىنىڭ يىغىسى بولغىنىدەك، ئابلەت مەمەت ئۆز بۇرچۇمنى ئازراق بولسىمۇ ئادا قىلالىدىم دەپ سۆيۈنگەن بۇ ئىش ئۇنىڭغا كۆتۈرۈپ قوپقىلى بولمىغۇدەك زىددىيەت ۋە ئاداۋەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ،

بىمارنى قەشقەرگە ئېلىپ ماڭغان كۈنى ئۇنىڭ قىيناتىسىنىڭمۇ كېسىلى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالدى. نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقان ئاتا ئۆز بالىلىرىنى، ئۆز يېقىنلىرىنى ئەتراپىغا چاقىرىشقا باشلىدى. بىمار كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، ھەدەپ تۈۋت تامغا تەلمۈرەتتى، ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ھەقىقىي بىر پەرزەنتىنىڭ ئوتىنى سالغان كۈيئوغلى ئابلەت مەمەتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە ئالدىراپ سورىدى:

ــ ئابلەتخان بالام قېنى؟! ــ كىمدۇر بىرى ئالدىراپلا جاۋاب بېرىپ قويدى.

ــ ئوبۇل چاۋارنىڭ مىجەزى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قاپتىكەن، ئۇنى قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى.

ــ نېمە؟! ئوبۇل چاۋارنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قاپتىكەن، مېنىڭ مىجەزىم خېلىلا ياخشىلىنىپ قاپتۇ ـ دە، ئەمىسە!؟ ــ بوۋاي شۇلارنى پىچىرلاۋېتىپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، ئارقىدىنلا قېنى قېچىپ سارغىيىشقا باشلىغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ نېمىنىدۇر پىچىرلىدى. دادىنىڭ بوش، ئەمما چوڭقۇر نىدا بىلەن ئېيتقان «ئۇ ئەمدى ئاشۇ ئوبۇل چاۋارنى ئاتا قىلىۋالسا بولغۇدەك» دېگەن سۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆيۈمچان قىزى ئايسۇلتاندىن باشقا ھېچ كىشى ئاڭلىيالمىدى. ئايسۇلتاننىڭ كۆڭلى ئازار يېدى. ئۇ دادىسىدىن ئەمەس، 20 نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزى تاغدەك ئىشەنگەن، ئەقىدە قىلىپ بىر ياستۇققا باش قويۇپ كەلگەن ئېرىدىن، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھالقىلىق مىنۇتلاردا يېنىدا بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت يولسىزلىقىدىن ئازار يېدى، مانا بۇ مۇشۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ سۆزۈك قەلبىگە كۆڭۈلسىزلىك كۆلەڭگۈلىرىنى باشلاپ كەلگەن كۈن بولدى. «سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس سۇنغان كۆڭۈلنى» دېگەندەك، بۇ

ئىشتىن كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن ئايسۇلتان خېلى بىر كۇنلەرگىچە ماي تارتىپ دومسىيىپ يۈردى···

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئەقىدىسىنى تۇرغۇزۇش، ئەمەلىيەتتە كارخانىنىڭ ئوق يىلتىزىنى كۈچلەندۈرگەندەكلا بىر ئىش. ھەرقانداق بىر دەرەخنىڭ ئوق يىلتىزى چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم بولسا، بوران - چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك، كارخانىنى تۈتۈپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شۇ ئورۇنغا چوڭقۇر ۋە سەممىي ئەقىدىسى بولسا، كارخانىنىڭ روناق تېپىش، گۈللىنىش دەۋرى خۇددى ئەتىياز ئاپتىپىنىڭ ئۆمرىگە ئوخشاشلا كۆتە بولىدۇ. شۇڭا، ئابلەت مەمەت كىتابخانىغا ئادەم قوبۇل قىلماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن بۇ ئورۇندا ئىلگىرى ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئورۇن بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى. نەتىجىدە ئۇ، بىر-بىر قېتىممۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئىلتىماسى بولمىغان، ئەمما ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلاردىن ئىككى نەپەرنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارخىپىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق تېپىپ چىقىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىپ، يامان يولغا كىرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشچى - خىزمەتچىلەردە: «ئەگەر مەن مۇشۇ ئورۇندا ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەيدىغان بولسام، مېنىڭ پەرزەنتىم ئۈچۈنمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن مۇشۇ ئىدارىدىن تېپىلىدىكەن» دېگەن ئاڭنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتتى.

# 8

ئىقتىسادچىل بولۇش، ئۆز ھالىنى چۈشىنىش كارخانىنىڭ روناق تېپىشىدىكى مۇھىم ئاساس. ھەشەمەتچىلىك، خۇدىنى بىلمەي ئىسراپچىلىق قىلىشلار كارخانا ئىقتىسادىغا چۈشكەن مىتە. بېيىش، پۇللۇق بولۇش ھەممە كىشىنىڭ ئارزۇسى. بېيىپ، يانچۇق تومپايغاندىن كېيىنلا يەپ - ئىچىش، ئېسىل كىيىنىش، ئۆيلەرنى، خانىلارنى بېزەش، سېلىش، جابدۇش، ھەشەمەتلىك ماشىنىلاردا ئولتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى خەققە كۆرسىتىپ قويۇش بولسا، تۇتامى يوق، چاكىنا ئادەمنىڭ تەبىئىتى. بۇنداقلار ئۆتكەن كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئەيش - ئىشرەتتە باشقىلار بىلەن بەسلىشىشكە باشلايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ. يەنە بىر قىسىملارچۇ، بېيىغانچە تىرىشچان، جاسارەتلىك، ئاددىي - ساددا بولىدۇ. ئابلەت مەمەت دەل مۇشۇنداق كىشى.

يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 1993 - يىلى بىر يۈرۈش ئائىلىلىكلەر ئۆيى سالدى. ئابلەت مەمەتنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى خام كېسەك بىلەن سېلىنغان كونا ھەم تار ئۆي بولۇپ، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش ئۆي تەقسىم بولاتتى. لېكىن ئۇ، ئۆزىگە تەقسىم بولغان ئۆينى باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەردى.

1995 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۈرۈمچىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن بىرقانچە كىشى كەلدى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ، مېھمانلارنى بىرەر رېستورانغا باشلىسا تامامەن بولاتتى، لېكىن ئۇ، ئۇنداق قىلمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ، ھۆكۈمەت پۇلىغا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش

شاملىنى توسۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا
ئاساسەنمۇ ياكى بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ
ئۆسەك سۆزلەرنى پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈنمۇ؟! ياق، شۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدە ئابلەت مەمەت
يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ ھېچقايسىسىنى ئويلىمىدى. ئۇ
پەقەت رېستوراندا بۇزۇپ ـ چېچىشتىن ساقلىنىش،
كارخانىنى ئارتۇقچە چىقىمدار قىلماسلىقنى ئويلىدى.
ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ مەقسىتى: بىر ـ
بىرىگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئەمەس، پەقەت ئېغىزغا
تېتىغۇدەك بىر ۋاخ تاماق، بىرقانچە تەخسە ياخشى قورۇما
بولسىلا كۇپايەمانا بۇ ئابلەت مەمەتنىڭ مېھماندارچىلىق
پەلسەپىسى. شۇڭا، ئۇ مېھمانلارنى يەكەندىكى بىر قىسىم
يېقىنلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆز ئۆيىگىلا چاقىردى. لېكىن
ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى مەن ـ مەنچىلىك تازا ئەۋجىگەچىققان شۇ
كۇنلەردە بىر قىسىم مېھمانلارنىڭ كۆڭلىگە دېگەندەك يېقىپ
كەتمىدى. دېمىسىمۇ جەمئىيەتتە «ئۇچتە ھەمراھ بولغۇچى
خېنىملار» دىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە قوشۇن توغرىسىدىكى
سۆز ـ چۆچەك، قىزىقىش، ماختىنىشلار ئاساسىي سۆھبەت
تېمىسى بولۇپ قالغان، بازىرى جانلانغان ئەھۋالدا
ئىقتىسادىي روناق تاپقان كارخانا دىرېكتورىنىڭ بۇ قىلىقى
تولىمۇ غەلىتە بىر ئىش ئىدى. شۇ يىلى «ئۇچتە ھەمراھ
بولغۇچى خېنىملار» نىڭ بازىرى ئىچكىرىدىكى خېبېي
قاتارلىق جايلاردا ئىتتىك بولۇپ قالماستىن، شىنجاڭدا،
ھەتتا يېزا ـ بازارلىرىمىزدىمۇ ئىتتىك بولۇۋاتاتتى. نېمە
ئۇچۇن؟ ئۇلار زادى كىمگە ھەمراھ بولۇپ، كىمنىڭ پۇلىنى
خەجلەۋاتىدۇ؟! نۆۋەتتە خېلى كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ
ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئەمەس، بىر قىسىم
كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەتتا تۇرمۇش

پۇلىنىمۇ ئالالمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە «ئۇچتە ھەمراھ بولغۇچى خېنىملار» نىڭ ھەمراھ بولۇش ئوبيېكتى بولالمايدۇ. دېھقانلار يىلبويى جاپا - مۇشەققەتلىك تېرىقچىلىق قىلىپ، قان - تەرىنىڭ بەدىلىگە ئاران دېگەندە ئائىلە تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ رېستوران، مېھمانخانا، تانسىخانىلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر ئايدا بىر قېتىم ئىدارە كاسسىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ھازا ھېساب - كىتاب قىلىپ، ئاران دېگەندە تۈرلۈك سۆزگۈچلەردىن سالامەت ئۆتەلگەن نەچچە يۈز يۈەن ئىش ھەققىنى تېپىپ ئالالايدىغان خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىرەر قېتىم ئۇنداق جايلارغا بېرىپ، «ھەشەمەتچىلىك» قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا «ئۇچتە ھەمراھ بولغۇچى خېنىملار» نى بېيىتىۋاتقان كىم؟! ھوقۇقى بار، پۇلى بارلار. يۇقىرىدىكىلەر دائىم تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرىدۇ، تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىدىكىلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دۆلەت پۇلىغا، كوللېكتىپنىڭ پۇلىغا مەرتلىك قىلىپ، ئۇلارنى رېستورانلارغا، مېھمانخانىلارغا، تانسىخانىلارغا باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلىدۇ. مېھمان كۈتۈش پۇلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئۇچتە ھەمراھ بولغۇچى خېنىملار» نىڭ چۆنتىكىگە چۈشىدۇ. بۇنداق خادىملارنىڭ پەلسەپىسىگە «رومكا قولغا چىقسا سىياسەت كەڭلىشىدۇ. خېنىم قۇچاققا چىقسا ھەرقانداق ئىش بېجىرىلىدۇ» دېگەن ئىدىيە سىڭىپ كەتكەن. بۇنداق ئىدىيىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا تۈرلۈك چوڭ - كىچىك كارخانىلارنىڭ دىرېكتورلىرى. ئۇلار ئەنە شۇنداق تۈرلۈك ۋاسىتە ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، باج، بازار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ كۆندە دېگۈدەك كېلىۋېلىشىنىڭ، چوڭ سوممىلىق تالونلارنى يېزىپ

تەڭلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسەت، پرىنسىپ، قائىدە سۆزلەپ ھارمايدىغان ئېغىزلىرىنى ئېتىدۇ. ھەرقايسى مال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىشەنچىسىنى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مال كەلتۈرۈش يوللىرىنى ئاچىدۇ. مانا بۇ يالغۇز دىرېكتورلارغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولمىسىمۇ، يەنە ئاز ساندىكى دىرېكتورلار كۆپلەپ پۇل خەجلەپ ئىسراپخورلۇق قىلمايمۇ، ئۆزىنىڭ تەدبىرلىكلىكى، ئوچۇق - يورۇقلۇقى بىلەن مال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ئورنىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن يول ئاچالايدۇ. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى. ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن رېستوراندا ئولتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقان بىر قىسىم مېھمانلار ئابلەت مەمەتنىڭ سۆزمەنلىكى، ناتىقلىقى، ئوچۇق - يورۇقلۇقى ۋە لەتىپە - يۇمۇر ئېيتىشقا ماھىرلىقى ئالدىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۈلۈپ - تىلىقىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشتى. سورۇن راسا قىزىپ خۇش كەيپىلىك ئەۋجىگە چىققاندا، بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن توك ھەرىسىنىڭ، توك رەندىسىنىڭ يۇقىرى شاۋقۇنلۇق ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. ھەممە تەڭلا، خۇددى ئالدىنئالا كېلىشىۋالغاندەك «بۇ ئەمدى نېمە ئىش» دېگەن مەنىدە ئابلەت مەمەتكە تىكىلدى.

ئەسلى ئەھۋال مۇنداق ئىدى، ئابلەت مەمەت ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدە 100 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بىكار يەر بولۇپ، نەچچە يىللاردىن بېرى بۇ جاي ئەسكى - تۈسكىلەر ئامبىرى بولۇپ تۇرغان، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئابلەت مەمەت بۇ جايىنى بىر ياغاچچىغا بەش يىللىق مۇددەت بىلەن 20 مىڭ يۈەنگە ئىجارىگە بەرگەن بولۇپ، ئۇ

تولىراق توك ھەرىسى، توك رەندىسى دىگەندەك ئۈسكۈنىلەرنى كىچىسى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى مۇشۇ ئورۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كىچىسى توك بىسىمى بىرقەدەر تۇراقلىق بولاتتى.

ئابلەت مەمەتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان مىھمانلار نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ گىپىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك بىر - بىرىگە گۇمانسىراش نەزەرى بىلەن قاراشتى. ئارىدىن بىرى گەپتانلىق قىلىپ ئىغىز ئاچتى:

— ئاجىڭلىمۇ ئويۇن - تاماشاغا ئامراق، لىكىن بۇ ئادەم بەك تىجەشلىك. شۇڭا پۇل تۆلىمەيدىغان مۇزىكىدىن تۇن بويى بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ تايىنلىق.

— ھەي، ئىست، ھەي، — دىدى ئارقىدىنلا بىرسى ئىغىز ئىچىپ، — ئۆيىمىزدە ئارانلا تىلىۋىزور، VCD ، ئۈنئالغۇ، توڭلاتقۇ قاتارلىقلار بولغاچقا، بىزنىڭ ئائىلە ئىلىكتر سايمانلىرىمىز خىلى تولۇق دەپ يۈرۈپتۇق، ئاجىڭلىنىڭ ئۆيىدە بولسا توك ھەرىسى، توك رەندىسى دىگەنلەرمۇ تولۇقكەن ئەمەسمۇ؟!

مىھمانلار ئۆچكىدەك مەرىشىپ، تىلىقىپ - تىلىقىپ كۈلۈشتى. بىر قىسىملار خىلى بىر ھازاغىچە كۈلكىسىنى توختىتالماي خىخىلداپ ھىجىيىشتى. ئابلەت مەمەت بولسا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ مىھمانلارنىڭ چىھرىگىمۇ قارىيالماي ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى، ناتىقلىقى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى.

شۇ كۈنكى ئەھۋال خىلى بىر چاغلارغىچە ئۇنىڭ ئىسىدىن چىقمىدى. مۇشۇ بىر مەسىلە ھەققىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىگەنلەر يالغۇز شۇ كۈنكى مىھمانلارلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ يىقىن كىشىلىرىدىن بولغان مىھرىبان

ئانىسىمۇ، كۆيۈمچان دادىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلالمىدى. ئۇلار، تالاي ـ تالاي قېتىملاپ ئابلەت مەمەتنىڭ ئۆيگە تەكلىپ قىلىشلىرىنى رەت قىلدى. رەت قىلمىغان چاغلىرىدىمۇ شۇ يەردە قونۇپ قېلىشنى خالىمىدى. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىرلا بولۇپ «سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئادەم ياخشى ئارام ئالغىلى بولمايدىكەن» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئابلەت مەمەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ خىل زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئاسان، ئۇ پەقەت توختامنى بۇزۇپ، ھېلىقى ياغاچچىنى بۇ يەردىن يۆتكىۋېتىپ، بۇ جاينى خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بىكار تاشلاپ قويسا، ھەممە ئىش تۈگەيتتى. ھېچكىمنىڭمۇ پىكرى چىقمايتتى. لېكىن، ھېلقى 20 مىڭ يۈەنچۇ؟! توغرا، خېلى نۇرغۇن دىرېكتورلار، كارخانا ـ شىركەت مەسئۇللىرى ئۇنچىلىك پۇلنى كۆزگىمۇ ئىلىپ قويمايدۇ. لېكىن ئۇ يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىدەك بىر كىچىك كارخانا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا خېلىلا كۆپ پۇل ئىدى. ئابلەت مەمەت مۇشۇ نۇقتا ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى.

ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنىڭ مېھرى چوڭقۇر، بېغى مەھكەم بولىدۇ. ئەمما، ئايرىم ئىشلاردىكى چەك ـ چېگرا ئېنىق بولمىسا ئۇ مەھكەم بولماي قالىدۇ. 1993 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئۇ ئۇرۇمچىگە قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە سىڭلىسىنىڭ ئېرى نۇرمەمەتجاننى يول بويى ئىززەتلەپ، ھۆرمەتلەپ تۇردى. ئۇلارنىڭ سەپىرى شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك سەپەر بولدى. لېكىن، ئۇرۇمچىگە چۈشۈپ بىر قانچە كۈندىن كېيىنكى ئەھۋال ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى.

ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندىلا كىتابخانا قارىمىقىدىكى

مەدەنىيەت بۇيۇملىرى پۇكسىيى ئۇچۇن مال سېتىۋالغىلى چىقتى. ماللار ئاساسەن ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر تۇركۇم سۇلياۋ پالاس سېتىۋالدى. ئويلىمىغاندا، نۇرمەمەتجان ئېغىز ئېچىپ قالدى.

— ئابلەت ئاكا، بۇ خىل سۇلياۋ پالاستىن مەن 11 مېتىر ئېلىۋالاي، مېھمانخانا ئۆيۇمنىڭ ئاستىغا سېلىشقا شۇنچىلىك بولسىلا يېتەتتى. بەك چىرايلىقكەن.

— بولىدۇ، ئېلىڭ. بىزنىڭ ماشىنىدا بىرگە ئالغاچ كېتەيلى.

— ماگىزىنىدا ئۇنچىلىك مالنى پارچە ساتمايدىكەن. دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئالغىنىڭىزدىن 11 مېتىر پارچىلاپ بېرىڭ دېمەكچى مەن،— دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

— مۇنداق دەڭ،— دېدى ئابلەت مەمەت كۇيئوغلىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ،— ئۇنداق بولسا ئۇنى بۇ يەردە پارچىلاپ ئولتۇرغاندىن كۆرە يەكەنگە بارغاندىن كېيىن ئالسىڭىز بولامدۇ؟!

— ئۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، يەكەنگە بارغاندا ھازىرقى توپ باھاسى بويىچە بەرمەسسىز ھەقاچان. شۇڭا دەيمەن ئەمدى…— دېدى نائىشەنچ بىلەن.

— ئۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى سىز ئوبدان چۈشىنىسىز. يەكەنگە بارغاندىن كېيىن كىتابخانا ماگىزىنىنىڭ ئۆزىنىڭ چىقىرىش باھاسى بولىدۇ.

— شۇڭا دەۋاتىمەن. مۇشۇ يەردىلا 11 مېتىر سۇلياۋ پالاسنى پارچىلاپ توپ باھادا ئېلىۋالسام، قالغىنىنى ماگىزىنغا سېلىپ قويسىڭىز بولىدىغۇ. .

— بارچە سۇلياۋ پالاس سېتىلماي، بېسىلىپ قالسىچۇ ئاندىن؟

— بېسىلىپ قالسا؟! ئۇنچىلىك مالنىڭ بېسىلىپ

قىلىشىدىن سىز نېمە ئەنسىرەپ يۈرىسىز. بىز ئۈچۈن ئۈنچىلىك مال بېسىلىپ قالسا قالامدۇ. زىيان بولسا كوللېكتىپكە، سىز بىلەن بىزگە بولامتى - يە؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئابلەت مەمەتنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ، — ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مېھرى ھەممىدىن ئۇلۇغ. لېكىن كارخانىمۇ، ئاشۇ كوللېكتىپ ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ. ئادەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلۇقى ئادەمگە ئىشىنىشتە. مەن كوللېكتىپنىڭ نەچچە تۈمەنلەپ پۇلىنى كۆتۈرۈپ سودا قىلىمەن دەپ چىقىپ كەتسەم، ئۇلار ماڭا ئىشىنىپ، خاتىرجەم ھالدا ئۆز خىزمەتلىرىنى ياخشى قىلىۋاتقان تۇرسا، مەن ئۇلارنى كۆرمىدى دەپ ئىشەنچىسىنى يەردە قويۇپ، ئۆزۈم بىلگەنچە ئىش قىلىپ يۈرسەم قەلبىم ئازار يېمەمدۇ؟! بولدى. سىز بۇ يەردە سۇلياۋ پالاس ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ. يەكەنگە بارغاندىن كېيىن كىرەكلىك سۇلياۋ پالاسنى مەن ئېلىپ ئۆيۈڭلەرگە سېلىپ قوياي. سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار ئوخشاشلا مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ نۇرمەمەتجاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— بولدى، — دېدى سەل ئاچچىقى كەلگەن نۇرمەمەتجان — نەچچە يىلدىن بېرى ئۆيىمىزگە سۇلياۋ پالاس سالمايمۇ ئولتۇرۇۋەرگەن. ھېلىھەممۇ شۇنداق ئولتۇرساقمۇ كۈنىمىز ئۆتەر... ھازىر مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، كېيىن كۆرۈشەرمىز، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئابلەت مەمەتنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۈرۈمچىدە قايتا كۆرۈشەلمىدى. نەچچە كۈنگىچە ئابلەت مەمەتنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئارامسىزلىنىپلا يۈردى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

كىملا بولمىسۇن ئازراق ھوقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن

ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ كۆمۈچىگە چوغ تارتىشنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، قولىدىن زادى قانچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلايدىغان ئەھۋال ھەر دوقمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇگۈنكى كۈندە نۇرمەمەتجاننىڭ ئاغرىنىش، رەنجىشلىرىنى قانداقمۇ ئورۇنسىز دېگىلى بولسۇن؟!

ئۇنداقتا، ئابلەت مەمەت ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلماي، ئۆز ئورنىدىكى ئىشچى — خىزمەتچىلەرنى ئۇلۇغلاپ كەتتىمۇ؟! مانا بۇ سوئالغا ھەر بىر كىشىنىڭ يۈرىكىلا جاۋاب بېرەلەيدۇ، خالاس.

## 9

كارخانا تەرەققىياتىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش — كارخانىنىڭ ئېھتىياجى ۋە بارلىق كارخانىچىلارنىڭ ئورتاق نىشانى. لېكىن، نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئورۇن بەرمەسلىك، كۆڭۈل بۆلمەسلىكنىڭ ئۆزى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ كارخانىچىلارنىڭ ئىشى ئەمەس. مانا بۇ، ئابلەت مەمەت دائىم ئېسىدىن چىقارمىغان، كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

1992 - يىلى 12 - ئايدا ئابلەت مەمەت پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئۆزگىرىۋاتقان بىر گۇناھكار يازغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مېنىڭ نەزەرىمدە كىتاب ئوقۇش قاغجىرىغان

كۆڭۈللەرگە ئاراملىق بېغىشلايدۇ. زېرىككۈچىلەرگە ھەمراھ بولالايدۇ. تۇرمۇشىڭىزغا يېڭى مەنا قوشىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئادەتتىكى كىشىلەرنى كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك كىشى قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، مەيلى سەن قايسى خىلدىكى، قايسى تەبىقىدىكى، نېمە ئىش قىلىدىغان، قەيەردە تۇرىدىغان ئادەم بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر يەنىلا كىتاب ئوقۇشىڭ كېرەك. بىكار تەلەپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىتاب ئوقۇش بىر خىل ئىچپۇشقىنى چىقىرىش بولىدۇ. پۇلى بار كىشىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا كىتاب ئوقۇش بىر خىل سىپايىلىق بولىدۇ. ھوقۇقى بار كىشىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا كىتاب ئوقۇش بىر خىل ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىش بولىدۇ. پۇلى، ھوقۇقى يوق، بىكار تەلەپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىتاب ئوقۇش ھاياتلىق ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەكلى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئايرىۋېتىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلار ئۆمۈرتقىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولىدۇ. گەرچە مەن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بولساممۇ، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك كىتابخۇمارلىقىمنى تاشلىيالمىدىم. قولۇمدا كىتابلا بولسا، تۇرمۇشۇمنى تولىمۇ مەنىلىك ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن ھەم ئۆزگىرىش ئەھۋالىمدىمۇ ياخشىلىنىش بولىدىكەن. شۇڭا مەن سىلىدىن ئاۋارىگەرچىلىك ھېس قىلماي، ماڭا بىر قانچە پارچە ياخشى كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنۈش بىلەن بىرگە، مۇشۇ ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بىر كىتاب سېتىش ئورنى قۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى كىتاب بولمىغان ئورۇن گويا گۈلى يوق گۈللۈككە، بىرەر دانە قۇشمۇ كەلمەيدىغان ئورمانزارلىققا، بىرەر تال يۇلتۇزمۇ يوق ئاسمانغا، بىرەر

تامچە سۈيىمۇ يوق كۆلگە ئوخشاپ قالىدىكەن» . . .
ئابلەت مەمەت خەتتــــى تۈتۈپ ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. مانا بۇ بىر گۇناھكارنىڭ قەلب سۆزى، قەلب ساداسى. ئەگەر بىزدە كىتابقا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلار مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ كۆپەيسە نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بۇ گۇناھكارغا بىرقانچە پارچە ياخشى كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.
ئۇ، ئەتىسىلا ئون نەچچە پارچە ياخشى كىتابنى تاللاپ ئېلىپ، قاتتىق سوغۇققا قارىماي، 80 كىــــلومېتىــــر يىراقلىقتىكى پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مەيدانغا بارغاندىن كېيىن خەتتە يېزىلغان ئادرېس بويىچە كىتاب تەلەپ قىلغۇچىنى تېپىپ، كىتابلارنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىنلا مەيدان مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر كىتاب سېتىــش ئورنــى قۇرۇپ، بۇ ئورۇندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ كىتاب ـ ماتېرىياللارغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، تارىختىن بېرى بۇ ئورۇندا كىتاب ـ ماتېرىيال سېتىش ئورنى بولماسلىقتەك قاتمال ھالەتكە خاتىمە بېرىش پىلانىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىر مەيدان مەسئۇللىرىغا ياقتى ۋە كىتاب سېتىش ئورنــى قۇرۇشقا كىرىشتۇردى. ئەمما، تا بۈگۈنگە قەدەر كىتاب سېتىــش ئورنىدىن يىلىغا 3000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىــچە زىيان چىقىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ، بۇ ئىــشنــى پەقەت ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئۈچۈنلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.
ھاياتنىڭ ئۆزى بىر تاسادىپىيلىق. ئۇ، ئۆز قويىنىدىكى تاسادىپىيلىقلارنىڭ كۆپلىكى بىلەن قەدىرلىــك. بەزىدە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولىدۇكى، مەغلۇبىيەت غەلىبىنىــڭ

مۇقەدىمىسى، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار پارلاق كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش ئىبخىزى بولۇپ قالىدۇ. ئابلەت مەمەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باسقان قۇتلۇق قەدىمىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر مۇقەددىمىسى بولغان.

1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنى ئىدى. كىتابخانا ماگىزىنىدىكى سودا ـ مۇلازىمەت ئەھۋالىنى ياندىن كۆزىتىپ تۇرغان ئابلەت مەمەت توساتتىن بىر كىچىك بالىنىڭ بىر كىشىنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ، مەسىلىنى ۋاقتىدا، چىرايلىقچە ھەل قىلىۋېتىش ئۈچۈن بالىنىڭ قولىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالىدۇ ـ دە، بالىنىڭ قولىدىكى پۇللارنى ئېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، بالىنى ئۆز ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ تەربىيە قىلماقچى بولدى.

ــ ماڭا قارا، ــ دېدى ئابلەت مەمەت بالىغا بىر خىل سىپايىلىق بىلەن، ــ تۇرقۇڭدىن قارىغاندا ئەمدىلا 15 ـ 16 ياشلارغا كىرگەندەك تۇرىسەن. شۇنداق چىرايلىق بالا بولۇپسەن. مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن ئوغرىلىق قىلىشقا ئۇيالمىدىڭمۇ؟ ئوغرىلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ مىنۇتلاردا ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭغا، مىللەتكە، يۇرتۇڭغا قانداق يۈز كېلەلەيدىغانلىقىڭنى ئويلاپ كۆرمىدىڭمۇ؟ ئېيتە قېنى، بۇنداق پەسكەش ئىشنى يەنە قىلامسەن ـ يوق؟!

بالا خېلى ئۆزۈنغىچە جىممىپ كەتكەندىن كېيىن ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئابلەت مەمەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى.

ــ ئاكا، مەن ئالدى بىلەن مىللەتكە، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمغا يۈز كېلەلمەسلىكتىن ئەمەس، ئۆز ـ ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمدىن ئازابلىنىۋاتىمەن. مېنىڭچە بولغاندا ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە يۈز كېلەلەيدىغان بولغاندىن

كېيىن ئاندىن ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، مىللىتى، يۇرتى ھەققىدە
باش قاتۇرىدۇ. مەن بولسام ئۆز ـ ئۆزۈمگە يۈز
كېلەلمەيدىغان ئادەم. چۈنكى پۈتۈن سۈرۈك بىر ئوغۇل بالا
تۇرۇپ قورسىقىمنىمۇ تويغۇزالمىسام، قانداقمۇ
باشقا ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇرالايمەن؟ مېنىڭ بۇ
سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھېچقانداق غايە ـ ئارزۇسى، غەيرەت ـ
جاسارىتى يوق بىر نەرسىكەن دەپ قالغانسىز، ئېھتىمال،
مېنىڭمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا
ئېرىشكۈم، كۆپلەپ ئىلىم ئىگىلەپ، ئالىي مەكتەپلەرگە
بېرىپ ئوقۇغۇم، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن بىر ئۇلۇش تۆھپە
قوشقۇم بار ئىدى. ئەپسۇس، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر شېرىن
خىياللا بولۇپ قالدى. دادام، ئاناملار مېنى تاشلاپ،
بالدۇرلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. مەن تاغامنىڭ ئالدىدا
قالدىم. تاغاممۇ ئۆزىنىڭ دەردى ئۆزىگە خوپ يەتكۈدەك ئادەم
ئىدى. ئاخىرى مەكتەپتە كىتاب ـ ماتېرىيال ئېلىشقىمۇ پۇل
تاپالماي، مۇئەللىمىنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا
«قەلەندەر» ئاتىلىپ خورلاندىم. كەمسىتىشكە ئۇچرىدىم.
ئېيتىڭا ئاكا، نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇشۇم، كىچىك تۇرۇپلا
يېتىم قېلىشىم... مۇشۇ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى
مېنىڭ گۇناھىممۇ؟! ئاخىرى تاغامنىڭ ئۆيىدىنمۇ
قوغلاندىم، مانا ھازىر ھېلىقى سەت قىلىقىم بىلەن
ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن...

بالا ئېسەدەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز
چۇشۇۋاتقان ياش ئابلەت مەمەتنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ
«يەكەن گېزىتى» نىڭ بىر قانچە كۈن ئىلگىرىكى سانىدا
ئېلان قىلىنغان «بىچارە يۆلەنچۈك» سەرلەۋھىلىك ئاخبارات
ئوچېركىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى ئېسىگە ئالدى: «ھازىر،
يەكەن بازىرىدا ھەر ئېيىغا ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن خەلق

ئىشلىرى كادىرى ئابلىز ئوبۇلنىڭ قولىدىن قوتقۇزۇش پۇلى ئالىدىغان 250 ئائىلە بولغانىنىڭ سىرتىدا، ھەرخىل ھېيت-بايرام ۋە قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا ئابلىز ئوبۇلنىڭ قولىغا قارايدىغان 500 گە يېقىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر نامرات ئائىلە بار. ئۇ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى نورمال ئىشلىگەندىن سىرت، ئەنە شۇ نامرات، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ.

1995 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئابلىز ئوبۇل جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ، ئارقا - ئارقىدىن يەكەن بازىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلق سۆيەر دىنىي زات ۋە يەككە تىجارەتچىلەردىن ئابلەت رازىق ھاجىم، ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم ۋە نۇرۇللا ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئىشىكىنى بىر - بىرلەپ چېكىپ، ئۇلارغا يەكەن بازىرىدىكى 500 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىر خىل قورۇنۇش، بىچارىلىق تۇيغۇسى ئىچىدە تۇرۇپ چۈشەندۈردى. ئۇلارنى ئەتىيازنىڭ سىرىقتال مەزگىلىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى خىجىللىق ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويدى. ھاجىملارنىڭ ھېچقايسىسى ئابلىز ئوبۇلنىڭ گېپىنى يەرمىدى. ئەكسىچە «بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز. سىلى خاتىرجەم بولسىلا» دېيىشىپ، ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشتى. بولۇپمۇ ئابلەت رازىق ھاجىم شۇ بىر قېتىمدىلا 100 تونىنا كۆمۈر، 350 تاغار مەدەك، 20 تونىنا ئاق ئۇن ياردەم قىلدى. قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئۇ يەنە بىر قېتىم جىددىيلەشتى، نۇرۇللا ھاجىم بىلەن ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم جامى ئالدى مەكتەپ بىلەن ياركوچا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى يېتىم - يېسىرلارنىڭ

ھېيتلىق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالتۇن مەكتەپ، چاسۇ مەكتەپ ۋە يېڭىشەھەر مەكتەپتىكى يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى قالغانىدى. ئاخىرى ئابلىز ئوبۇل يەنە ئابلەت رازىق ھاجىمنى ئىزدەپ باردى.

— ئەستا، ئابلىزخان، ئۆزلىرى بىلىلا، مەن قىلىدىغاننى ئۆتكەندە قىلىپ بولدۇم.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ئاشۇ ئۈچ مەكتەپتىكى 100 نەپەردىن كۆپرەك يېتىم ـ يېسىر، نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ھېيتلىق تۇرمۇشىنى زە. . .

— بولدى، سىلى ماڭا ئاشۇ نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى تەييارلاپ بەرسىلە،ــ ھاجىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئابلىز ئوبۇلنىڭ يۈزىگە كۈلگە يۈگۈردى» . . .

ئاشۇ كېچىسى ئابلەت مەمەت ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ھېلىقى «يانچۇقچى» بالىنىڭ سۆزلىرى ھېلىدىن ھېلىغا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەشۋىقات ۋاستىلىرى ھەر ساھە ئىشلەپچىقىرىشىمىزدا نەتىجىلەر زور، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى، «بېيىغاندا نامرات، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار قېرىنداشلارنى ئۇنتۇپ قالمىغان ساخاۋەتچىلەر» يۈرتداشلىرىغا ئۇن، كۆمۈر، كىيىم ياردەم قىلدى دەپ خەۋەر بېرىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا نېمىشقا كۆرىدىغىنىمىز يەنىلا ناۋايخانا، ئاشخانا، ماگىزىن ـ رەستىلەردە، مەكتەپلەر ئالدىدا تەمتىرەپ، كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ تۇرغان باللار بولىدۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار شۇنچىلىك ياردەم، ئىلتىپاتلار بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ؟!

ئابلەت مەمەمەت ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى بىزنىڭ تېخى

ئەقىل ئۈچۈن، ئەتىمىز ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش باسقۇچىدا ئەمەس؛ پەقەت قورساق ئۈچۈن، ئىسسىق جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سالماي تۇرۇپ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى - دە، ئۆزىنىڭ زادى قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قۇر باش قاتۇرۇپ چىقتى.

ئۇ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەكەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە بېرىپ، بازار باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەۋسۇمدىن باشلاپ 100 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىنى ھەقسىز ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش پىلانىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بەك بەلەن بوپتۇ،— دېدى بازار باشلىقى ئابلەت مەمەتنىڭ قولىنى چىڭ چىقىپ تۇرۇپ،— بازىرىمىزدا 250 نەپەردىن ئارتۇق نامرات ئائىلە، بۇ ئائىلىلەردە 500 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. ئۇلار تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالسا، قىلىدىغان باشقا ئىشى بولمىغانلىقتىن بىلىپ - بىلمەي خالتا كوچىغا كىرىپ قالىدۇ. بىز مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە بازىرىمىز بويىچە ئەڭ نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىدىن 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ بېكىتىپ بېرەيلى.

بۇ ئىش ئابلەت مەمەتكە زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇ خىزمەت شىرەسى ئۈستىدىكى 100 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئانكىتىنى قايتا - قايتا كۆردى. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. ئانكىتقا چاپلانغىنى شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك ئوماق بالىلارنىڭ سۈرىتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كەيگىنى بەكمۇ جۇل - جۇل كىيىملەر ئىدى.

يېڭى بىر مەۋسۇملۇق كىتاب تارقىتىش خىزمىتى باشلانغاندا ئابلەت مەمەتنىڭ ئويلىغىنى ھېلىقى 100 نەپەر ئوقۇغۇچى بولدى. ئۇ «نامرات ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئوقۇش ماتېرىيالىغا ئېرىشىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىدى-دە، 3-ئاينىڭ بېشىدىلا 100 يۈرۈش دەرسلىك كىتاب، 100 يۈرۈش كونسپېك دەپتەر، 100 قەلەم قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ يەكەن بازىرى تەۋەسىدىكى بەش مەكتەپتىن ئاتكىتتى تۈرغۇزۇپ بېرىلگەن 100 نەپەر ئوقۇغۇچىغا تارقىتىپ بەردى.

ئابلەت مەمەتنىڭ 100 نامرات ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش ماتېرىيالى تارقىتىپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان يەكەن بازىرىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى نەق مەيدانغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى يېقىندىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، چاسۇ باشلانغۇچ مەكتىپىگە يېتىپ بارغاندا، ئوقۇغۇچىلار بۇ «قۇتلۇق» كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆزلىرى تەييارلىغان بىر قانچە سەنئەت نومۇرىنى ماتېرىيال ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە تەقدىم قىلدى. پىئونېرلار ۋەكىلى ئابلەت مەمەتكە بىر دەستە گۈل تەقدىم قىلغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق سوقۇپ كەتتى. شۇتاپتا ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىر دەستە گۈل ئەمەس، يۈز، ياق! نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرىكى، رەھمىتى، ھاياجىنى، پاك، سەمىمىي قەلبى ئىدى!

كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇ نەق مەيدان كۆرۈنۈشى يەكەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرىنى تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. ئۇلار نەق مەيداندىلا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، بۇ 100 ئوقۇغۇچىنىڭ

ئوقۇش بەدەل پۇلى، ئىستىراخۋانىيە پۇلى قاتارلىق قوشۇمچە راسخوتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئابلەت مەمەت ئۈچۈن يەنە بىر قۇتلۇق كۈن بولدى. بۇ كۈنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، شىنخۇا كىتابخانىسى، يەكەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنىڭ «يەكەن بازىرىدا نامراتلار تۈگىگەنگە قەدەر ھەر يىلى 100 نامرات ئوقۇغۇچىغا شىنخۇا كىتابخانىسى ھەقسىز ماتېرىيال تارقىتىپ بېرىش، يەكەن بازىرى قوشۇمچە راسخوتلارنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە ئاشۇ 100 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش سۈپىتىگە مەسئۇل بولۇش، ئۇلار ئارىسىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ سەپلەپ بېرىش، مائارىپ ئىدارىسى سۈپەتكە نازارەتچىلىك قىلىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇنلۇق توختام ئىمزالىنىپ ئەقىل بۇلىقى ئۈچۈن مەبلەغ سالىدىغان بىر تۈر رەسمىي قانۇنلاشتى.

بەزىلەر ئابلەت مەمەتكە:

ــ يىلىغا 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل كېتىدىغان ساخاۋەتكە ئۆزۈڭ مۇددەتلىك تەۋەككۇل قىلغۇچە، كىتابخانىنىڭ 1964 ـ يىلى سېلىنغان ئائىلىلىكلەر ئۆيىنى يېڭىلىۋالسىڭىز چۇ؟ ــ دېگەندە، ئۇ ئاددىيلا قىلىپ:

ــ بۇ پەقەت ئەتىمىز ئۈچۈن! ــ دەپلا جاۋاب بەردى.

كىتابخانىدىكى خادىملار بۇ ئىشتىن سۆيۈنگەن ھالدا:

ــ كىتابخانىمىزنىڭ ئەمدى 100 نەپەر بالىسى بار بولدى، ــ دېيىشتى.

ئابلەت مەمەت توغرا ئېيتتى. كىتابخانىدىكى خادىملارمۇ راست، سەمىمىي ۋە چىن كۈلدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى مىللەت ۋە خەلقىمىزنىڭ كېلەچەك كۈلكىسىنىڭ

مۇقەددىمىسى بولۇپ قالار، بەلكىم. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر ئالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ۋەيران بولغان، پۈتۈن ئىگىلىكى ئۆز قۇدرىتىنى يوقاتقان ياپونىيە نېمە ئۈچۈن هازىر ئىقتىسادىي ئەڭ تەرەققىي قىلغان، سانائىتى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنالىدى؟ چۈنكى، هەر بىر ياپونىيىلىكنىڭ كاللىسىغا مائارىپ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئازراقمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، دېگەن بىر ھەقىقەت سىڭىپ كەتكەن. ياپونىيە تەبىئىي بايلىق مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن يوق دۆلەت. ئۇنىڭ ئازراقلا كۆمۈر ۋە سىنىك زاپىسى بولغاندىن سىرت، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس رودىسى ۋە ئالىيومىن قاتارلىقلارنى ئاساسەن باشقا دۆلەتلەردىن ئېكسپورت قىلىدۇ. ئەنە شۇ بىر رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئېيتقاندا، دۇنيا ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ ياپونىيە ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان: «ياپونىيە تەرەققىياتىنىڭ تېزلىك سۈرئىتىنى ياپونىيىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىلىم چوققىسىغا بوشاشماي كۆللىكتىپ ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ياپونىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇش يېشىدىكى ياشلار 98 پىرسەنتكە يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. مانا بۇ رېئاللىق ئابلەت مەمەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يىراقنى ئويلىغانلىقىنى، مەبلەغ سېلىشنىڭ، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەپچىل بىر ئورنىنى تېپىپ چىققانلىقىنى بىزگە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز كىتابخانىدىكى خادىملارنىڭ كۆلكىسىنى ھەقىقىي، چىن دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق.

# 10

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەملىكەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان مۇكاپاتلاش يىغىنىنىڭ دەسلەپكى كۈن تەرتىپى ئاخىرلىشىپ يىغىن قاتناشچىلىرى ئىختىيارىي هالدا جۇخەي، شىنجىن قاتارلىق جايلارغا 30 كۈنلۈك ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. مانا بۇ، هەر قانداق بىر كىشى هەۋەس قىلىدىغان، ئۈمىد قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئابلەت مەمەتنىڭمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلغۇسى بار ئىدى. ئېكسكۇرسىيىگە قاتناشسا نەچچە ۋاقىتتىن بېرىكى هارغىنلىق ـ چارچاشلىرى چىقىپ قالغانىنىڭ سىرتىدا نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭىيەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا قايتىپ كېلىشنى توغرا تاپتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ قارارغا كېلىشىگە ئىككى تۈرلۈك مەسىلە ئاساسىي سەۋەب بولۇپ تۇراتتى: ئۇنىڭ بىرى كىتابخانىنىڭ هازىرقى ئەهۋالى قانداقراق بولۇپ تۇرغاندۇ. كىتاب كەلتۈرۈش، ئامبارلاشتۇرۇشتىن سىرت تەتىل مەزگىلىدىكى دەرسلىك تارقىتىشنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلگەندىمۇ، مەكتەپلەرگە كىتاب كېمىيىپ قالغاندىمۇ دېگەن مەسىلە بولسا، يەنە بىرى ئىچكى ئۆلكە، تەرەققىي قىلغان شەهەرلەردىكى يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسى ئۇنى خېلى ئوبدانلا چۆچىتىپ قويغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇ جايلاردىكى ئادەتتە چىقىم قىلغان بىر كۈنلۈك خىراجىتىگە كىتابخانىدىكى خادىملار بىر قانچە كۈن ئىشلەيتتى. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى كوللېكتىپقا كۆيۈنۈش روهى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كۆيۈنۈش روهى، ئۆز ـ ئۆزىگە، ئۆز ۋىجدانى ۋە ئەقىدىسىگە كۆيۈنۈش روهى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇددەتتىن 30 كۈن بۇرۇن ئۆزىگە پۈتۈن مېهرى ـ مۇهەببىتىنى بەرگەن هەم شان ۋە ئۇتۇق ئاتا قىلغان يېپەك يولىدىكى قەدىمىي شەهەر يەكەنگە قايتىپ

كەلدى.

يۇرت مېھرى ــ ئانا مېھرى، يۇرت دېمەك، پۈتكۈل جانلىقلارغا پاناھلىق بەرگۈچى دېمەكلىكتۇر. زېمىن كۈندىلىك يېمەكلىك ئارقىلىق ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھۈجەيرىلىرىگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريالار ئەڭ ئاخىرىدا ئادەملەرنىڭ كىچىك - كىچىك تومۇرلىرىغا تۇتىشىدۇ. مانا بۇ ھاياتلىق. مانا بۇ ئادەم بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش. ئابلەت مەمەتنىڭ كېلىپلا بىرىنچى قىلغىنى بۇ يۇرتتىكى ھەر تۈپ دەل - دەرەخكە، گۈل-گىياھقا، ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە قېنىپ - قېنىپ قاراش بولدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر كۆرۈنۈشلەرمۇ ئەمدىلىكتە ئەڭ قەدىرلىك ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قەدىمى ئۇدۇل قاغىلىق ناھىيىسىگە چىقىپ، قۇربان ھېيتتا ئۆزى بىلەن بىرگە بولالمىغان مېھرىبان ئانىسى، كۆيۈمچان دادىسى ۋە قەدىرلىك ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش، كېچىككەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيت پەتىسى قىلىش بولغان بولسا توغرا بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. يەكەنگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئاراممۇ ئالماستىن كىتابخانىغا يېتىپ كەلدى - دە، دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ تارقىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ھەرقانداق بىر كارخانىنىڭ قورقىدىغىنى ماللىرىنىڭ نېسىگە سېتىلىپ كېتىشى. ھەرقانداق بىر كارخانىنىڭ داۋاملىق قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغىنىمۇ يەنىلا نېسىگە مال سېتىش. ئابلەت مەمەت ستاتىستىكا جەدۋىلىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىدىكى نېسى قالغان دەرسلىك كىتابنىڭ پۇلى 133 مىڭ يۈەن دېگەن قۇرلارغا تىكىلىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. يەكەندەك بىر دېھقانچىلىق ناھىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەر مەۋسۇمغا

مۇنچىلىك كىتابنى نېسىگە ساتماسلىقتىن باش تارتىپ بولمايدۇ. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن كىتابخانا نېسى پۇللىرىنى يىغمىسا بولمايدۇ. بۇ پۇل كارخانا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە جېنى. شۇڭىمۇ ئابلەت مەمەت بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۆزى مەخسۇس يېزىمۇ يېزا، مەكتەپمۇ مەكتەپ بېرىپ، نېسى قالغان دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ پۇلىنى يىغىپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

بۈگۈن ئابلەت مەمەتنىڭ روھى تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ھارغىنلىق ۋە غېرىبسىنىش چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى كرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىغا بىر قانچە سائەت بولۇپ قالدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ نېسىلەرنى يىغىمەن دەپ 20 نەچچە كۈن ئىچىدە 10 نەچچە يېزا - بازار، 50 نەچچە مەكتەپنى ئارىلاپ چىققىنى، مۇشۇ جەرياندا 1000 كىلومېتىردىن كۆپرەك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكىنى، ئەمما نېسىلەرنىڭ 20 پىرسەنتىنىمۇ يىغالمىغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئۇنى ھازىرغىچە خىزمەتنىڭ يول ئازابى چارچاتقان، بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئەمەس. پەقەت روھى چۈشكۈنلۈك، مىللەتنى، خەلقنى ئاستا - ئاستا قىستاپ كېلىۋاتقان مەن - مەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ئىدىيىسى، ئۆزىنىلا ئويلاپ، بالىلارنى، كەلگۈسىنى، مائارىپنى ئويلىماسلىق ئىدىيىسى قاتارلىقلار ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغىنى قەرز سوٴيلەپ چىققان يېزا - بازارلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىشخانا جابدۇشلىرى، ئولتۇرغان ئېسىل ماشىنىلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەشەمەتچىلىكلىرى، مەكتەپلەردە بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر كۆرۈنۈش ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئاشۇ رەھبەرلەر ئۆزلىرى يورۇق - ئازادە ئىشخانىلاردا ئولتۇرغاندا قاراڭغۇ، زەي دەرسخانىلاردا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ دەرس

ئاڭلاۋاتقان پەرزەنتلىرىنى، سېمىز پاقلان گۆشى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك هاراقلارنى ئىستېمال قىلىۋاتقاندا ئادەتتىكى زاغرا بىلەن كۆندە ئىككى ۋاخ قورساق تويغۇزالماي ئوقۇۋاتقان بالىلارنى ئويلاپ قويمايدىغاندۇ؟! نېمە ئۈچۈن كەنت - مەھەللىلەرگە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سۆلىتى ۋە دۆلىتى بولغان ماشىنىلىرىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىرىدا، ئۆتەر يوللىرىدا دەرۋازىسى بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان، قورۇ تاملىرى ئۆرۈلۈپ، شاخ بىلەن قاشالاپ قويۇلغان مەكتەپلەرگە كىرىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن «هالىڭ نېچۈك» دەپ سوراپ قويمايدىغاندۇ؟ تاڭ سۈلالىسى دەۋرىدە پۈتكۈل شەرق مائارىپىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، ياپونىيە قاتارلىق قوشنا ئەللەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ ئوقۇغان جۇڭگو مائارىپىنىڭ بۈگۈنى مۇشۇمۇ؟! 700 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 800 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئىپتىدائىي مائارىپ ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇپ، بۆرىنى ياخشىلىق ۋە نىجاتلىقنىڭ تۇتىمى قىلغان، ئوتتىنىچىن - ئالتۋاستىلارغا قارشى كۈرەش قورالى قىلىپ، قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەتكە تاقابىل تۇرۇشنى بىلگەن ھەمدە ئۇرخۇن مائارىپىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا «12 مۆچەل كالىندار»نى بىرىنچى بولۇپ تۈزگەن ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە كېڭەيتكەن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭبۈگۈنىمۇشۇمۇ؟! ئويلىغانسېرى ئابلەت مەمەتنىڭ كاللىسى بارغانچە مۇرەككەپ خىياللار قايىنمىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنى ھەممىدىن بەك ئازابلىغىنى يەكەن ناھىيە مەركىزىدىن 100 كىلومېتىرغا يېقىن يىراقلىقتا جايلاشقان دامسى يېزىسىنىڭ ئىككى مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تام - تورۇسلىرىغا قارىغىلى بولمايدىغان، زەي، قاراڭغۇ دەرسخانىلاردا خام كېسەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا دەرس ئاڭلاۋاتقان سىماسى ئىدى. ئۇلار

شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە ئوماق. شۇنچىلىك سەبىي ۋە زېرەك. لېكىن ئولتۇرۇۋاتقان دەرسخانىسى ئەنە ئاشۇ. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چىقىش مەقسىتى ھەققىدە ھېچنەرسە دېيەلمىدى. گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، يۈزلىرى خىجىللىقتىن قىمىلداپ كەتتى. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇ، مۇشۇ ئوقۇغۇچىلاردىن، ئاشۇ مەكتەپكە قەرز سۆيلەپ چىققىنىغا ئۆكۈنمەكتە، پۇشايمان يېمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ جايغا چىقىشتىكى مەقسىتىنى ھېلىلا بىرى بىلىپ قالىدىغاندەك ئەتراپقا خۇدىكسىرەپ قارايتتى. شۇ جايدىكى يېزا - بازار، كەنت رەھبەرلىرى كۆرۈپمۇ كۆرمەسكە سالغان، ئاڭلاپمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ يۈرگەن ھالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى. شۇ جايدىلا بۇ مەكتەپ ئۈچۈن 100 يۈرۈش جوزا - ئورۇندۇق ياسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ناھىيىگە كىرىپلا قىلغان بىرىنچى ئىشى ياغاچچى ئۇستىلار بىلەن مۇشۇ ھەقتە توختاملىشىش بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ زىممىسىدىكى روھىي بېسىم ئازراقمۇ يەڭگىللىمىدى. ئۇ، توختاۋسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى. زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ، نېمە ئۈچۈن زادى؟! ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە نامراتلىق تۈپەيلىدىنمۇ؟! ياق، بىزدە ماشىنا سېتىۋېلىشقا، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىشكە، ھەشەمەتچىلىك قىلىشقا پۇل بار، ئەجەبا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا پۇل يوقمۇ؟!

قىيىنچىلىقى بار دېسە، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ھەقىقىي تۈردە قىيىنچىلىقى بار ئىدى. قىسقىسى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم زېمىنى، دۆلىتى بولمىغان ئەھۋالدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشتىكى ئۈمىدىنى مائارىپقا باغلىغان ۋە ئۆزلىرىدە مۇقىم بولغان مائارىپ ئەنئەنىسىنى تۇرغۇزغان. ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك

دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسرائىلىيىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئاددى ئۆيلەردە قىستىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن مەملىكەت بويىچە چوڭ ـ كىچىك 120 مۇزېي ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر بولسا ئالىي بىنالارغا جايلاشقان، ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ دۆلىتىنى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلاندۇرۇشىدىكى تۈپ ستراتېگىيىسى ــ «مائارىپ ئىسرائىلىيىنىڭ ئاساسلىق كەسپى، ئىختىساس ئىگىلىرى ئىسرائىلىيىنىڭ ئاساسلىق بايلىقى» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلار مائارىپقا تايىنىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈش، قىيىن شارائىتتا ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىنى تاللىغان. 1948 ـ ئىسرائىلىيە قۇرۇلۇپلا بىرىنچى بولۇپ «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نى ئېلان قىلغان. 1954 ـ يىلىغا كەلگەندە مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ۋاقتىنى ئەسلىدىكى ئالتە يىلدىن توققۇز يىلغا ئۇزارتقان. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلار يەنە ھەقسىز مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ۋاقتىنى توققۇز يىلدىن 12 يىلغا ئۇزارتقان. دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى جىددىي ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندىمۇ كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاپ، 10 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بارلا جايدا بىردىن مەكتەپ قۇرۇپ بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىپ مۇنتىزىم مەكتەپ تەربىيىسىدىن بەھرىمان بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئىسرائىلىيە قۇرۇلغاندا پەقەت ئىككىلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ ئۇنىڭدا ئاران 1600 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ھازىر ئىسرائىلىيىدە 20 ئالىي مەكتەپ بار، ئۇلاردا 120 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئىسرائىلىيە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان نوپۇس نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. مائارىپ ئىسرائىلىيىنى بارغانسېرى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئوتتۇرا شەرقتە، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيادا سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان.

يەھۇدىلاردىكى بۇ خىل ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىش روھى يالغۇز ئىسرائىلىيىدىكى يەھۇدىلاردىلا بولۇپ قالماي، باشقا دۆلەتلەردىكى يەھۇدىلاردىمۇ بولغان. يەھۇدى مىللىتى دۇنياغا گېيىنى، بېتخوۋېن، مېندېلسون، ماركس، پىكاسسو، فىروئود، چاپلىن، ئېينىشتېين، ئىربېورگ قاتارلىق بىر تۈركۈم بۈيۈك زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 1948 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئىسرائىلىيىگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىلار ئىچىدە دوكتورلار، دوكتۇر ئاشتى ئىلمىي ئۇنۋانىدىكىلەر ۋە پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بارلار 100 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن. يەھۇدىلار «ۋەتىنى يوق» بىر ئادەمنىڭ ھەممە مال - دۇنياسى ھەر قاچان بۇلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. لېكىن بىلىم بىلەن ئىقتىدار «ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان، ئۆمۈربويى مەنپەئەت بېرىدىغان بىردىنبىر تۈگىمەس بايلىق» دەپ قارايدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئوغۇل - قىزلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەلىم - تەربىيىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكى پۈتۈن ۋەسلىنىڭمۇ تۈگەپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ. مانا مۇشۇنداق مائارىپ تەربىيىسى يەھۇدىلارنى مەيلى ئىسرائىلىيىدە بولسۇن ياكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈردى.

بىزدىچۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىمىزدىچۇ، 1980 - يىللاردىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ھەر 10 مىڭ كىشىگە ئارانلا 10 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى توغرا كەلگەن، قوشنا ئەللەردىن قازاقىستاندا 10 مىڭ كىشىگە 157 نەپەر، ئۆزبېكىستاندا 174 نەپەر، ئاۋسىرالىيىدە 230 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى توغرا كەلگەن. ئەنە شۇ پاكىتلارنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ قايسى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەينەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئىشخانا ئىشىكىنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلىشى ئابلەت

مەمەتنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى، ئۇ ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئىشخانا بوسۇغىسىدا قاراپ تۇرغان، رەتلىك كىيىنگەن 13 ياشلاردىكى بىر قىز بالا بىلەن شۇ ياشلاردىكى ئۈستى ـ بېشىدىكى كىيىملەرنىڭ كونىلىقىغا بىر نەرسە دېگۈلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى بىر ئوغۇل بالىنى كۆردى، قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىشخانا ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىردى ـ دە:

— ھارماڭ، ئابلەت، دادا — دېدى.

— ئابلەت مەمەت ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ قىز يەكەن بازارلىق ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ئۆز سىڭلىسى تاجىگۇلنىڭ ناھىيىلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قىزى ھاجىگۇل ئىدى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئابلەت مەمەت، ھاجىگۇلگە ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىۋېتىپ، — بۇگۈن بۇ جايغا كېلىپ قاپسىزغۇ؟

ھاجىگۇل تېخىچە ئىشىك تۈۋىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قاراپ تۇرغان ئوغۇلغا قارىدى، ئابلەت مەمەت دەرھال بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىشخانا ئىچىگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئوغۇل تارتىنىپقىنە ھاجىگۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولىدۇ، — دېدى ھاجىگۇل ئېغىز ئېچىپ، — ئۇنىڭ ئائىلىسى بەكمۇ نامراتكەن، شۇڭا مەن. . .

ھاجىگۇل ئارتۇقچە سۆزلەپ ساۋاقدىشىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى ئەھۋالنى ساۋاقدىشىم ئۆزى ئوتتۇرىغا قويسا ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلىدىمۇ، ئېيتاۋۇر سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمايلا ساۋاقدىشىغا قارىدى.

— مەن. . . مەن، — دېدى ئوغۇل بالا خېلىدىن كېيىن دۇدۇقلاپ، — مەن ھاجىگۇلنىڭ ساۋاقدىشى

بولىمەن، ئاكا، ئائىلە قىيىنچىلىقىم بەك ئېغىر، ئانام كېسەلچان، دادام يالغۇز ئىشلەپ بىز ئالتە بالىنى بېقىپ بولالمايۋاتىدۇ، ھازىر ئىككىمىز ئوقۇيمىز، ئىككى ئۇكام كۈن بويى ئىشىكمۇ ئىشىك بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ، شۇڭا ھازىرغىچە مەن بىرەر قېتىممۇ دەرسلىك كىتاب سېتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم، دائىم ساۋاقداشلىرىمنىڭ كىتابلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىمەن، مېنىڭ بەكمۇ ـ بەكمۇ ئوقۇغۇم بار ئىدى، ئاكا، بىراق، ھېچنەرسىمىز يوق. شۇڭا مەنمۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ تىلەمچىلىك قىلىپ ئاتا ـ ئانامنى ۋە ئىككى كىچىك ئۇكامنى باقايمىكىن دەپ تۇراتتىم. بۇنى ھاجىگۈل ئۇقۇپ «يۈر، مېنىڭ ئاكام دىرېكتور، ساڭا ئوخشاش نۇرغۇن نامرات ساۋاقداشلارغا ياردەم قىلغان. ساڭىمۇ ياردەم قىلىدۇ دەپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى، مېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ قېلىشىمغا ياردەم قىلالىغان بولسىلغۇ ياخشى بولاتتى، ئاكا. . .

ئابلەت مەمەتنى يەنە خىيال دېڭىزى قوينىغا ئالدى… بىر ئوقۇغۇچى، بىر سەبىي مەرىپەت بېغىغا ئىنتىلىپ، تەلمۈرۈپ تېپىرلىماقتا، لېكىن ئۇنىڭدا ئۇ جايغا كىرىشنىڭ بېلىتى يوق. ھازىر بۇ بالىنى قۇتقۇزىدىغان ئادەممۇ يوق. شۇڭا بۇنداق بالىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يامان ئادەملەر قوشۇنىغا قېتىلىپ، ئوغرى، يانچۇقچى، زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچى، چەككۈچى، قاتىل قاتارلىق جىنايەت شايكىلىرىغا قوشۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىملىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، ئۇ چاغدا، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغانغا ئورۇن چىقىدۇ. بىز چوڭ بولۇپ ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى كۈتۈپ تۇرغىچە، ئۇلارنى ھازىردىن باشلاپ تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋالساق، جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق خادىم قىلىپ

بەرسەك بولامدۇ؟ تۈرمە، ساقچىخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغنىڭ ئايرىم بىر قىسمىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ياردەم قىلساق بولامدۇ؟ مەن بىر ئادەمنىڭ، بۇ كىچىككىنە كىتابخانىنىڭ كۈچى، قۇدرىتى چەكلىك، بۇ ئىشقا ھەممە خەلق، جەمئىيەت تەڭ ئېتىبار بېرىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، لېكىن مەن بىرگە كۈچۈم يەتسە بىرنى، ئىككىگە كۈچۈم يەتسە ئىككىنى قۇتقۇزاي، يۆلەي. . .

— بولىدۇ.— دېدى ئابلەت مەمەت ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا دادىل تىكىلىپ، — سېنىڭ ياخشى ئوقۇش نىيىتىڭ بولسىلا ساڭا، شۇنداقلا سېنىڭ ئائىلەڭگە مەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىمەن، ئۇكا، بۇ ئىشتا سەن خاتىرجەم بول. چۈشتىن كېيىن مەن بىر قانچە خادىمنى باشلاپ بېرىپ سىنىپ مۇدىرىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئائىلە ئەھۋالىڭلارنى تەكشۈرىمەن، ئەھۋال ھەقىقەتەن سەن ئېيتقاندەك بولسا، مەن مەكتەپ بىلەن توختام تۈزۈپ، سېنىڭ ئوقۇش چىقىمىڭغا شىنخۇا كىتابخانىسى مەسئۇل بولىدىغان مەزمۇندا توختاملىشىپ، سېنىڭ ئالىي مەكتەپكە چىقىشىڭغا ياردەم قىلىمەن، ھەتتا ھازىر تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى ئۇكاڭنىمۇ مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن، ھازىرچە سەن خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ تۇر.

بالا ئورنىدىن تۇردى، ئۇ دىرېكتور ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقىپ كېتىش ئالدىدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئابلەت مەمەتكە خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ كالپۇكى ھازىرلا بىر مۇھىم جۈملىنى چىقىرىدىغاندەك تىنىمسىز مىدىرلايتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكى ۋە قاپقارا كۆزلىرىگە ئېسىلىپ قالغان ئىككى تامچە ياش ھازىرلا دومىلاپ چۈشىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى. لېكىن بالا ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، ئۇ ئىشخانىدىن

چىقىپ كەتتى، ئۇ زادى نېمە دېمەكچى بولغىيدى؟! ئۇ «رەھمەت ئاكا، سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز، خەلق سىزگە مەرھەمەت قىلا، دېمەكچىمۇ ياكى ئاكا، سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان بىلەن، ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ يۈرگەن ئاشۇ بىر قىسىم ئەمەلدارلار كۆرمەسكە سالىدىغان، ماڭا ئوخشايدىغان باشقا بالىلارنى قانداق قۇتقۇزۇپ بولالارسىز؟» دېمەكچىمۇ، بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ، لېكىن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئابلەت مەمەت كىتابخانىدىكى بىر قانچە خادىمنى ئېلىپ راستتىنلا 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ كەتتى، ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاستا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك قىلىپ دېدى:

— ئەمدى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بالىسى 100 نەپەردىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغان بولدى!...

## 11

زېمىن — ئۇ ئانا، بارلىق جانلىقلارنىڭ كۆيۈمچان، مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانىسى، بارلىق جانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ۋە ھالاكىتىنى ھەرگىزمۇ زېمىندىن، ئۇنىڭدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش جەريانىدىن، سىرلىق ھادىسىلەر دۇنياسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئادەم — ئاشۇ نەچچە تۈمەنلىگەن جانلىقلار ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئىككى قول، ئىككى پۇتى ئازاد قىلىنغان، تىك تۇرالايدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلغان، تەپەككۇرنى ئىزھار قىلالايدىغان تىلى ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ئىقتىدارى بولغان بىردىنبىر جانلىق، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتە يولۇققان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئاساسىدا ئەقىل ئىدراكى، بىلىم قۇرۇلمىسى يېتىلگەن بولسا، ئۆزئارا بولىدىغان مۇئامىلە،

مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا، كۆيۈش، ئۆز-ئۆزىنى ۋە ئۆز ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى قەدىرلەش پەزىلىتى، خىسلىتى، ئەخلاقى يېتىلگەن، شۇڭا ئۇ، ئۆز كەچۈرمىشى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەنە شۇلارنىڭ يېزىپ قالدۇرىدىغىنى بىزنى بۈگۈنكى هالەتكە باشلاپ كىرگەن يول كۆرسەتكۈچى ماياك ـــ كىتاب. دېمەك، زېمىن بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن كىتاب خۇددى قۇياش بىلەن سۇ، سۇ بىلەن تۇپراقتەك بىر ـ بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا، هۈجەيرە قۇرۇلمىلىرىغا سىڭىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئادەم كىتابتىن، كىتاب ئادەمدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىسىز قەدرى ـ قىممىتى، ئىززىتى ۋە هۆرمىتى بولمايدۇ، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ـ كىتاب ئەقىل ـ پاراسەت كېمىسى بولۇپ، ئۇ تارىخ دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ هەمدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋهەرلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقىمىز ئارىسىغا «كىتاب ئىنسانىيەتنى ئالغا سىلجىتىدىغان پەلەمپەي»، «كىتابلار ئالدىدا هەممە نەرسە نۇرسىز بولۇپ قالىدۇ»، «كىتاب ئىنساننى كائىناتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كەڭرى تارقىلىپ، خەلقىمىزنىڭ كىتابنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەش، سۆيۈش ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئاممىباب يوسۇندا ئىپادىلىگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە تەجرىبىسى ۋە سىرتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئەنئەنىسىگە تايىنىپ يىپەك يولى مەدەنىيەت قانىلىنىڭ بۇ كېسىشىش نۇقتىسىدا مەرىپەتلىك بولۇش، كىتاب ئوقۇش، بىلىم ۋە مەرىپەت تارقىتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەتراپتىكى

قېرىنداش مىللەتلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىپ باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان، مەرىپەتلىك بولۇپ كىتاب ئوقۇش، ياخشى كىتابنى قەدىرلەش خەلقىمىزنىڭ ئېگىزغا سىڭىپ كەتكەن، تارىختا ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق بۈيۈك ئالىم، شائىرلىرىمىز بىلىم ئىگىلەش، مەرىپەتلىك بولۇش، كىتاب ئوقۇش جەھەتتە ئۆچمەس مىراسلارنى قالدۇرغان. شۇنداقلا كىتاب ئوقۇپ مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ خاسىيىتىنى ھەرقانداق مۆۋەپپەقىيەتتىن ئۈستۈن قويغان.

خەلقىمىز يارىتقان شانلىق مەدەنىيەت تارىخى ئەسەبىي بوران - چاپقۇنلاردا، تۇرلۇك ۋەھشىي كۈچلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىمۇ يوقىلىپ كەتمەي، يول تېپىپ راۋاجلانغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ نامايان قىلغان. خەلقىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەش ئەنئەنىسى مۇستەھكەم مەنىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ كەلگەن، لېكىن يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خەلقىمىزدە كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى سۇسلىشىپ قالدى، يازغۇچى، تەتقىقاتچى، شائىرلار يازغان نۇرغۇن كىتابلارنىڭ تىرازى نەشرىيات تەلەپ قىلغان سانغا يەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ياخشى كىتاب بولسىمۇ نەشر قىلىنمىدى. كىتاب ئوقۇماسلىق ئاۋام خەلق ئارىسىدىلا ئەمەس، زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدىمۇ يامرىدى. كىتاب ئوقۇشتىن سۇسلىشىش ئەھۋالى قانداق كېلىپ چىقتى؟ خەلقىمىز راستىنلا كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىدىن بىراقلا ۋاز كەچتىمۇ؟!

كۆز ئالدىمىزدا روي بېرىۋاتقان بىر قىسىم پاكىتلار بىزنى «راستتىن شۇنداق بولدى، بىز، بىزنىڭ خەلقىمىز، مىللىتىمىز كىتاب ئوقۇشتىن، بىلىم ئېلىشتىن چاندى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاۋاقخانىلاردا، رېستورانلاردا مەيخور، يەنە بىر قىسمى مەسچىت - مەدرىسلەردە مەخسۇم بولدى،

خالاس.» دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىمىز.

## مۇئەللىپنىڭ بايانى:

ئويلىسام بىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىمىز ئاجايىپ گۈزەل ۋە يارقىن ئۆتكەنىكەن، مەكتەپتىن قايتىپ كېلەتتۇق - دە، مەھەللىمىزدىكى بىر توپ بالىلار قويلىرىمىزنى يايلاققا ھەيدەپ بېرىپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ، شۇ چاغدا يېڭى يېزىقتا نەشىر قىلىنغان «سۇ بويىدا»، «خوڭيى»، «قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە» ناملىق كىتابلارنى سۆيۈپ، تالىشىپ تۇرۇپ ئوقۇيتتۇق، ئوقۇپ بولۇپ پەقەت بىرەر تاللا كەمپۈتكە ئېرىشەلىگەن بىچارە بالا تىلىنى يالىغاندەك ئاغزىلىرىمىزنى چاكىلدىتىپ قالاتتۇق. قويلار قېچىپ كەتسە، قوي توسۇش نۆۋىتى كىمگە كەلسە، كىتابنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ قوي توسىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتۇق، نېمىشقا دېگەندە، مەن قوي توسۇپ كېلىپ بولغۇچە ئۇلار كىتابنى ئوقۇۋالىدۇ، مېنىڭ ئوقۇشۇم، ئاڭلىشىم چالا بولۇپ قالىدۇ دەپ شۇنداق قىلاتتۇق. شۇنداق دە - تالاشلارنى قىلىپ يۈرۈپ نەچچە قېتىم گەپ تالىشىپ تاكاللىشىپ قالغىنىمىز، نەچچە قېتىم قويلار زىرائەتنى يەپ كېتىپ كەنت، مەھەللە كادىرلىرى تەرىپىدىن تاياق يەپ، قويلارنى تارتتۇرۇپ قويغىنىمىز ھازىرقىدەك ئېسىمدە، يېقىندا مەن شۇ چاغدىكى كىتابخۇمار دوستلىرىمدىن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن قىزغىن ۋە سەمىمىي كۆرۈشتۇم - دە، كۆڭلۈمدە ئاشۇ بالىلىق چاغلاردىكى ئىشلار لاپ قىلىپ ئۆتكەندەك قىلىپ ئۇنىڭدىن:

— قانداق، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ھال ئوقىتىڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدۇم، راستىنى ئېيتقاندا مەن ئۇنىڭدىن ياخشى جاۋاب چىقىشىنى، بولمىسا مەن كۆرمىگەن، كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىرەر كىتابنى ئوقۇپ

چىققانلىقىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغانىدىم. ئەپسۇس، ئۇنىڭ جاۋابى مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى.

— نېمە ئىش قىلاتتۇق، سەھراچىلىق ئاغىنە، بىر كەنتكە باش بولىسەن دەپ سېكرىتار سايلىۋېلىشتى، نېمە ئىش قىلىسەن، ئەتىدىن كەچكىچە ئادەملەرنىڭ نېرۋىسىنى قوچۇيدىغان ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشى، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قىلىدىغان مۇھىم ئىش كېۋەز تېرىش. شۇتاپتا يېزا دېگەندە بۇ كېۋەز ھەممىنى ساراڭ قىلدى. بۇگۇن قىلغان گېپىمىز ئەتىسى، ھازىر قىلغان گېپىمىز بىردەمدىن كېيىنكىسىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ھەممىمىز روھۇكلىنىشىپ كەتتۇق، دېھقان بىزدىن، بىز دېھقاندىن بىزار بولۇپ ياشاۋاتىمىز شۇ. ئويلىسام سەن بىلەن كىتاب مەستانىسى بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغانىكەنمىز، ئاغىنە، ساراڭدەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىكەنمىز دېگىنە، شۇ كۈنلەردە ئوقۇغان كىتابلىرىمىزنىڭ كۆپلىكىدىن ماختىنىپ كېتىشلىرىمىزچۇ تېخى، ھازىرچۇ، ھازىر ماختىنىشقا تېگىشلىك بولسا كىشىلەر ئىچكەن پىۋا، شاڭبىن ھارىقى بىلەن، يېگەن سەي، مېۋە، كاۋېپى بىلەن، ئاڭلىغان دۇتار، غىجەك، راۋابى بىلەن، ئوينىغان خۇلىقى تاتلىق ئامرىقى بىلەن... ماختىنىدىغان بولۇشتى، بىزچۇ، مانا، يا ماختانغىلى، يا ئوينىغىلى ھېچنەرسىمىز يوق يۈردۇق! شۇ چاغدا كىتاب ئوقۇيمىز دەپ ساراڭدەك قۇرۇق قەغەزگە يېپىشىپ يۈرگىچە بىرەر ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىلەپ قويغان بولسام، بۈگۈنكىدەك دېھقانغا يامان بولۇپ يۈرگىچە بىر بۇلۇڭدا ئۆز كەسپىمنى قىلىپ، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى سانا ئەيلەپ ئولتۇرمامدىم. شۇنى ئويلاپ مانا ھازىر باللىرىمنىمۇ كىتاب ئوقۇغىلى قويمايدىغان بولدۇم دېگىنە، كىتاب ئوقۇغان ئادەمنى كۆرسەممۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدۇ...

بىراۋ بېشىمدىن بىر چېلەك مۇزلۇق سۇ قۇيغاندەك

ۋۇجۇدۇم شۇركىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنى نېمە دەپ ھاقارەتلىدى، قۇلىقىمغا كىرمىدى، ئەنە شۇ دوستۇم، مەن كىتاب ئوقۇپ ئاز - تولا بىلىم ئاپتىكەنمەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق مېنى تونىدى، مېنى بىر كەنتكە باش قىلىپ تىكلىدى، ئاز بولسىمۇ خەلق ئۈچۈن، ئاشۇ نامرات دېھقانلار ئۈچۈن ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ بېرەي دېگەننى ئويلىماپتۇ.

بىر كۈنى ئىشخانامدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم، ئىشىك چېكىلىپ، ئەينى چاغدا بىرگە ئىشلىگەن، ھازىر بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان بىر خىزمەتدىشىم كىرىپ كەلدى. مەن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم.

— يۇرۇڭ، — دېدى ئۇ مېنىڭ ھال - ئەھۋال سورىشىمنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئېغىز ئېچىپ.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدىم مەن سەل گاڭگىراپ.

— بىر قانچەيلەن توپلىشىپ قاپتىكەن، بىر قانچە قول قارت تاشلىغاچ ئېچىشەيلى دەپ قالدۇق. بوتۇلكا بوشاتقاچ پاراڭلىشىمىز، — دېدى ئۇ قولۇمدىن تارتىپ.

— مەن چىقمايمىكىن، — دېدىم ئۆزۈرە ئېيتىپ.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ ماڭا گۇمان نەزەرىدە.

— كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم، ئازراقلا قالغان، شۇنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتەيمىكىن دېگەن...

مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ گويا ئاڭلىمىغان بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك ھەيرانلىق ئىلكىدە، — تېخى سىز ھازىرغىچە شۇ كىتاب ئوقۇيدىغان يەردىمۇ، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا ۋەزىيەتنىڭ بەك ئارقىسىدا قاپسىز، دوستۇم، بىلەمسىز، ھازىر دېگەن كىتاب ئوقۇش دەۋرى ئەمەس، ئىچىش، چېكىش، يەنە... مەدەنىيىتى گۈللىنىۋاتقان دەۋر جۇمۇ؟ — ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز «يەنە» دىن كېيىنكى سەت گېپىدىن خىجىل

بولمىدى، بەلكى بۇ ئۈچ سۆزنى ئۆزئارا قاپىيە كەلتۈرۈپ دېيەلىگىنى ئۈچۈن پەخىرلەندى. ئەمما، مېنىڭ قاتتىق ئاچچىقىم كەلگىنىنى بىلىپ قالدى بولغاي، بىر خىل گىدىرماش ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە قىزىرىپ، تاتىرىپ تۇرۇپ كۆلدى ۋە ئۆزىدىكى ئوڭايسىز ھالەتنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن يەنە گەپ باشلىدى، — مېنىڭ مەسلىھەتىم، كىتابنى ئەمدى ئازراق ئوقۇپ، بىزگە ئوخشاش جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ، ئاز - تولا ئىچىڭ، چېكىڭ، سورۇن ئەھلى بىلەن سىردىشىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز كىشىلەر سىزنى تونۇيدۇ، رەھبەرلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىسىز، ئۆسىسىز، ئەمەلدار بولىسىز، قاچانغىچە ھازىرقىدەك تۆۋەن تەبىقىدە ياشايسىز؟ ھازىر دېگەن نامراتلىق، كەمبەغەللىك نومۇس. ھازىر نېمە قىلساق بولىدۇ، ئازراق يۈز ئابروي تېپىپ، بايلىق توپلىمىساق كىشىلەر بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەمەلىي بىر ئىشنى ئالايلى، ئىككىمىز بىرگە ئىشلىگەن، شۇ چاغدىن باشلاپ سىز كىتاب ئوقۇشقا، مەن ھاراق ئىچىشكە تۇرغان، قالغان ئىشنى مانا ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز. يۈرۈك، كۆيۈنگىنىمنى بىلىپ، مەن بىلەن مېڭىڭ، باشقىلار ساقلاپ قالمىسۇن، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن سۆرەپ ماڭدى.

1997 - يىل 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈن. مېنىڭ ئەڭ خۇشال بولغان بىر كۈنۈم بولدى. چۈنكى بۇ كۈنى قەدىمىي شەھەر يەكەندىكى ھەممىگە تونۇش باللار ئەسىرى يازغۇچىسى ئۆمەرجان ھاپىز ئۆيۈمگە كىرىپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان، يەكەن ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان باغئاۋات يېزىسىغا بىر كىتاب ماگىزىنى قۇرۇپ، بۇ يېزىدىكى ياشلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئىشتا ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى

سورىدى. بۇ ئىشقا مەن كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، كىتابخانىنىڭ قولىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆزۈمنىڭمۇ شەخسىي نامىمدىن ياردەملىشىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. شۇ كۈنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن. تۇن بويى ئاغزىمدا بىر تال شېرىن كۈمپىت باردەك سېزىمدا ئۇخلىدىم. دەر ھەقىقەت بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئەتىسى مەن ئىشقا چۈشۈش بىلەن تەڭ ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دىرېكتورى ئابلەت مەمەتنى ئىزدەپ، ئۆمەرجاننىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزدۈم.

— بولىدۇ، — دېدى ئابلەت مەمەت سۆزۈمنى بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە تەستىقلاپ، — ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇ ماگىزىنىنىڭ باج، بازار باشقۇرۇش ھەققىنى مانا مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. كىتاب - ماتېرىياللارنى ئۆزۈم ئېلىپ چىقىپ ماگىزىنىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ بېرىمەن. ئۆمەرجان خاتىرجەم بولسۇن، مەن ئۇنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمەن. ناھىيىمىزنىڭ ھەممە يېزا - بازارلىرىدىن مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرەردىن چىققان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە؟ دېدى.

مەن شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۆمەرجاننىڭ تېزراق كېلىشىنى، بۇ ئىشنى بالدۇرراق يۈرۈشتۈرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلدىم. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر خېلى بىر چاغلارغىچە ئۆمەرجان بۇ ئىش توغرۇلۇق مېنى ئىزدەپ كىرمىدى. ئارىدىن ئالاھەزەل ئىككى ئايچە ئۆتكەن بىر كۈنى بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆمەرجاننىڭ بىرقانچە يەشىك ھاراقنى ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىتكە بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ئۆمەرجان، ئۇكا، بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرۈيسىز، — دېدىم نېمىندۇر سەزگەندەك بىر تەرىزدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— دۇكانغا ئازراق ھاراق ئېلىپ چىقىپ قويايمىكىن

دەپتىم... ــ دېدى ئۆمەرجان خىجىل بولغان تەرىزدە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

ــ قايسى دۇكانغا دەيسىز؟ قاچاندىن بېرى هاراق دۇكىنىنى ئېچىۋالدىڭىز ئەمدى؟

ــ ئۆتكەندە سىزگە ئېيتقان كىتاب ماگىزىنى ئېچىش مەسىلىسىنى دادام ئاڭلاپ تېرىكىپلا كەتتى. ئۇ، بۇ يۇرتتا كىتاب سېتىپ نان تېپىپ يېگىلى بولمايدۇ، پۇل تاپقۇڭ بولسا هاراق ــ تاماكا سات، هازىر دېگەن خەق كىتابتىن هاراق ــ تاماكىنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى دەپ، بۇ دۇكاننى ئېچىپ بەردى...

ئۆمەرجان كەتتى. لېكىن مېنىڭ تۇيغۇلىرىم خېلى بىر چاغلارغىچە گادىرماش بولۇپ تۇردى. بۇنداق ئەمەلىي مىساللاردىن خەلقىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇشتىن كۆڭلى قالغانلىقىنى، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ چۈشكۈنلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى هېس قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن كىتابخانىدا، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەرلەر ئولتۇرغان سورۇنلاردا بولۇۋاتقان گەپ ــ سۆزلەرگە قولاق سالىدىغان بولساق، خېلى كۆپ خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى هېس قىلىمىز. نەسرى ئەسەرلەرنى قويۇپ تۇرايلى، هەممىمىز دېگۈدەك شېئىرنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كەتتىيەي، شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرماق تەسلىشىپ كەتتىيەي دەپ قاقشاپ يۈردۇق. بۇ قاقشاشلىرىمىز قايسى دەرىجىدە ئورۇنلۇق بولدى؟ بۇنى هېچقايسىمىز ئويلاپ كۆرمىدۇق. بىز ئۇزاق تارىخقا، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ، هۆكۈملىرىمىزنىڭ، رەنجىشلىرىمىزنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالغانلىقىنى هېس قىلماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقىمىز، مىللىتىمىز ئەزەلدىن شېئىرنى ئۇلۇغلاپ، سۆيۈپ ئوقۇپ، شائىرنى مۇقەددەس بىلىپ هۆرمەتلەپ كەلدى؛ مەتبەئە، نەشرىياتلار

بولمىغان زامانلاردىمۇ ئۇلۇغ پىركامىللارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان دىۋانلىرىنى، قىسسىلىرىنى، ساياھەتنامە، داستانلىرىنى خەلقىمىز قومۇش قەلەمدە كۆچۈرۈپ، چىرايلىق، پۇختا مۇقاۋىلاپ، ئەل ئارىسىغا تارقاتتى. مۇقەددەس كىتابلىرىمىز بىلەن بىر تەكچىگە تىزىپ قەدىرلەپ ساقلىدى. ئەجدادلىرىمىز شېئىرنى ئۇلۇغلاپ، شائىرنى مۇقەددەس بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللار ئاۋۋالقى شېئىرى مىسرالار نۇرغۇن زامانلارنى، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىنى، ئاچارچىلىق، تەبىئىي ئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ بىزگىچە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدى. يېقىنقى زاماندا ئەدىب ـ تەنقىدچىلىرىمىز، مەتبۇئات، نەشرىياتلىرىمىز، مۇھەررىرلىرىمىز بۇ بايلىقلارنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدەپ يىغىپ، توپلاپ، رەتلەپ، قايتا نەشرگە تەييارلاپ، نەچچە مىڭ تىراژدا بېسىپ ئەل ئارىسىغا تارقاتتى. خەلق بۇ مىسرالارنى خۇددى چۆلدە چاڭقاپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۇچرىغان بۇلاققا تەشنا بولغاندەك تالىشىپ سېتىۋالدى، سۆيۈپ ئوقۇدى، قەدىرلەپ ساقلىدى. ئۇنداقتا كىشىلەرنىڭ شېئىردىن چېنىش، زېرىكىش تۇيغۇسىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ روھىي ھالەت پارىڭىنى كىم، قانداق ئۇسۇلدا پەيدا قىلدى؟ راستىنى ئېيتقاندا يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەنئەنىۋى شېئىرلار بىلەن يېڭىچە شېئىرلار ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە، قىسمەن پېشقەدەملەر بىلەن قىسمەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ـ ئىختىلاپلار شائىر ۋە شېئىرنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزدى. بۇنى بىزنىڭ راستتىنى قويۇپ يالغانغا ئىشىنىدىغان، چىرايلىقنى قويۇپ غەيۋەتنىگە ئەگىشىدىغان خۇي ـ پەيلىمىز ھەرخىل سورۇن ۋە بىر قىسىم مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ بازارغا سېلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن شېئىر ۋە شائىر سوغۇق

مۇئامىلىگە، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى. نەتىجىدە، نەشرىياتلار شېئىر توپلاملىرىنى ئالدىراپ نەشر پىلانىغا كىرگۈزمەيدىغان، كىرگۈزسىمۇ كىتابخانىلار زاكاز يوللىمايدىغان، زاكاز قىلسىمۇ ئىنتايىن ئاز زاكاز قىلىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق بىر ھالەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن نەشرىيات ئورۇنلىرىغا توپلام سۇنغان شائىرلارنىڭ ئالدىغا بىر مۇنچە چىرايلىق سۆز - جۈملىلەر بىلەن بېزەلگەن ئۇچۇر يوللىنىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا «كىتابىڭىزنى نەشر قىلايلى دېگەن، بىراق، تىراژى توشمايدىكەن، شۇڭا سىز تىراژىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقارسىڭىز» دېگەن قۇرلار يېزىلىدىغان بولدى. مەسىلە شۇنداق ئىكەن، زور بىر تۈركۈم ئۆزىنى ئۆزى مەشھۇر چاغلايدىغان، لېكىن كىتابخانىلار ئۇنىڭ نېمە يېزىۋاتقىنىنى چۈشەنمەيدىغان بىر مۇنچە چوڭ - كىچىك شائىرچاقلار تۈرلۈك ئامال بىلەن تىراژ توپلاپ، كىتابىنى نەشرىياتقا تىراژى بىلەن بىرگە يوللايدىغان بولۇشتى. ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى دېگەندەك، تىراژى بار كىتابلارنىڭ سۈپىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، سۈپىتى ياخشى كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى ئىدارىمۇ ئىدارە، مەكتەپمۇ - مەكتەپ، يېزىمۇ يېزا چېپىپ يۈرۈشنى خالىمىغىنى ئۈچۈنمىكىن ئۇلارنىڭ كىتابىنىڭ تىراژى توشماي، بىرقانچە يىللاپ نەشرىياتتا تۇرۇپ قالىدىغان قاتمال ھالەت شەكىللەندى. ھەممە ئورۇندا چىقىمنى تېجەپ، پايدىنى ئاشۇرۇش ئاساسلىق شوئار بولۇۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە نەشرىياتلارمۇ سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنىڭ ئورنىغا تىراژنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان بولۇشتى، كېيىنچە بۇ خىل ئۇسۇل يازغۇچىلارغا، قىسقىسى قايسى بىر ساھەدىن بولمىسۇن كىتابلا يازىدىغان ئاپتورلارغا قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن نەشرىيات بىلەن كىتابخانا خوجايىن، ھوقۇقلۇق ئورگان. كىتاب يازغان بىچارە ئاپتور چاكار بولۇپ ھېلى نەشرىياتقا، ھېلى

كىتابخانا دىرېكتورىنىڭ ئالدىغا چاپىدىغان بولدى. نەتىجىدە، كىتابخانا دىرېكتورلىرى ئالدىغا قالايمىقان كېلىپ تىراژ جېدىلى قىلىۋېرىدىغان شائىرلاردىن، يازغۇچىلاردىن زېرىكتى، ھەتتا ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى، دەل ئەنە شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئابلەت مەمەتتەك يىراقنى كۆرەلەيدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ دىرېكتورلارمۇ چىقتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىشتى.

تېخىچە ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1991 - يىلى باهاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن راخمان مامۇت، ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىق قەلەمكەشلەر يەكەن ناهىيىسىگە كېلىپ ئاپتورلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىن ئەھلى ئۇيان سۆزلەپ، بۇيان سۆزلەپ مەسىلىنى ئاپتور بىلەن كىتابخانا مۇناسىۋىتىگە ئېلىپ كېلىپ تاقىدى. ئۇلار «بىز ياخشى ئەسەرلەرنى يازساقمۇ كىتابخانىلار ياخشى تىراژ يوللاپ بېرىشمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كىتابىمىز نەشردىن چىقماي بېسىلىپ قالىدۇ» دېيىشتى، ھەممە كىتابخانىدىن، كىتابخانا دىرېكتورلىرىنىڭ ياخشى كىتابنى تونۇمايدىغانلىقىدىن قاقشاشتى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار «نەشرىياتلار كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە ئەمەس، تىراژىغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ياخشى قاراش، ياخشى تاللاش ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. دەل شۇ چاغدا ھەممىسىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابلەت مەمەت مۇنداق دېدى:

— كىتابخانا بايا بىر بۆلۈك قەلەمكەشلەر ئېيتقاندەك ئاپتورلارغا ئۇنچە ئۆچ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ، يازغان ئەسەرلىرىگىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلمايدۇ، كېسىپ ئېيتىمەنكى، شەخسەن يەكەن ناهىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى شۇنداق قىلمايدۇ، چۈنكى نەشرىياتمۇ،

كىتابخانىمۇ ئاپتورلارنىڭ كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى بازارغا سېلىپ كۈننى كۈن ئېتىدىغان، جېنىنى باقىدىغان ئورۇن. نەشرىياتلارمۇ، كىتابخانىلارمۇ بۇ بىر نۇقتىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاپتورلارنىڭ تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. شۇڭا مەن مۇشۇ سورۇندا، شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، يەكەن زېمىنىدا ئولتۇرۇشلۇق قايسى بىر ئاپتور كىتابىنى نەشرىياتقا يوللاپ، نەشرىيات پىلانىغا ئالسىلا، 500 دىن 100 غىچە بولغان تىراژغا كىتابخانىمىز ئىگە بولىدۇ. يەنە مەن تىراژ بېرىپلا بولدى قىلماي، كەملىگەن تىراژى ئۈچۈن تېگىشلىك يوللارنى مېڭىپ تىراژ توپلىشىپ بېرىمەن، شۇ كىتابىنىڭ مۇشتىرىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن.

ئۇ، سۆزىنى تۈگەتتى. بەزىلەر خۇشال بولۇپ، بەزىلەر خىجىل بولۇپ ئۇزۇن چاۋاك چېلىشتى، ئالقىشلاشتى، يىغىن شۇنداق تۈگىدى، لېكىن ئابلەت مەمەتنىڭ شۇ سۆھبەت يىغىنىدا دېگەن سۆزى شۇنداقلا تۈگەپ كەتمىدى. ئۇ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئاشۇ سۆزىدە تۇردى، شۇ سۆزى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە خىزمەتلىرىنى قويۇپ پالاقشىدى. يازغان كىتابى نەشرىياتلارنىڭ نەشر پىلانىغا ئېلىنغان يەكەن ناھىيىسىدىكى بىرقانچە ئاپتورنىڭ 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتابىنى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش يولىدا تېگىشلىك بەدەل تۆلىدى، تالاي ـ تالاي قېتىملاپ مۇناسىۋەتلىك شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا تېلېفون ئۇردى، ھەتتا ئۆزى ماشىنا چىقىرىپ، كىتاب يازغان ئاپتورلار بىلەن بىرگە خوتەندىن ئاقسۇغىچە بولغان ناھىيە، شەھەرلەر ئارىسىدا ھارماي قاتىرىدى، شىنجاڭنىڭ قايسى بىر جايدا كېيىنكى يىللىق كىتاب زاكاز قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ قالسا، مېڭىش ئالدىدا يەكەندىكى ئاپتورلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ قايسى نەشرىياتتا قايسى كىتابىنىڭ بارلىقىنى

ئۇقۇپ، تىراژ توپلاش تالونلىرىنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. لېكىن ئۇ، بۇ ئىش ئۇچۇن قىلچە مىننەت قىلمىدى، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر مېھرى ئىسسىق، خەلقى مەدەنىيەتلىك، يازغۇچى ــ شائىرلىرى كۆپ ماكاندا ئىشلەپ قالغىنى ئۇچۇن سۆيۈندى.

ئابلەت مەمەت توغرا قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى يەكەندىكى كىتابى نەشر قىلىنغان ئاپتورلار ھەرقېتىم ئېسىگە ئالسا ئابلەت مەمەتنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بىراق، ئابلەت مەمەتتەك ئاشۇنداق توغرا قىلالايدىغان دىرېكتورلار بىزدە قانچىلىك؟ ئەلۋەتتە بۇ ھەر بىر نەشرىيات خادىمى، ھەر بىر كىتابخانا ئويلاپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش.

مېنىڭچە نەشرىياتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان سۈپەتنى ئەمەس، تىراژنى ئاساس قىلىش ھەربىكىتى كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، خەلق يەنە ياخشى كىتابلارنى سۆيۈپ، قەدىرلەپ، ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيدۇ، مىسال ئۇچۇن ئالايلى، كىشىلەر كىتاب ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدى دېگەن رەنجىشلەر تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان شۇ كۈنلەردە نەشر قىلىنغان «قار گۈلى»، «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، «چوغ سورىغان بالا»، «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»، «شاراب تومۇرى»، «جىمجىت ئاۋاز»، «تەتۈر چىقىش»، «ئەللەي تەبىئەت»، «ھىجران چۆلى»، «چۈنكى مەن نامەرد» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى، «ئويغانغان زېمىن»، «قۇم باسقان شەھەر»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئىزدىنىش»، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»، «ئىز»، «مەھمۇد قەشقىرى»، «تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەر توپلىمىنىڭ قايسى بىرى سېتىلماي بېسىلىپ قالدى؟. ئۇلار ھايالشىمايلا كىتابخانىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە

كۆچۈپ بولدى. خەلق ئەدەبىياتنى سۆيىدۇ، قەدىرلەيدۇ. لېكىن ئۇلار ھەقىقىي ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسان روھى يورۇتۇپ بېرىلگەن چىن ۋە ھېسسىياتقا تويۇنغان ئەسەرلەرگە مۇھتاج. زامان تەرەققىي قىلىپ بۇگۈنكى ھالغا يەتكەندە بىز روھىي دۇنيارىمىزنى كىتاب بىلەن پاكلاشتۇرۇشىمىز، بىزنى توغرا نىشانغا باشلايدىغان كىتابتىن ئىبارەت نۇرلۇق ماياكقا تېخىمۇ بەكرەك يېپىشىمىز كېرەك ئىدى. ھەربىر ئادەمنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئېلىشىدا، پىشىپ يېتىلىپ شۆھرەت قازىنىشىدا كىتاب ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كارىل ماركس نۇرغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇغان. ئاخىرى دۇنياغا مەشھۇر ئەسەر — «كاپىتال»نى يېزىش ئۈچۈن فىزىكا، خىمىيە، فىزىئولوگىيە، ئاناتومىيە قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاب كۆرگەن. بىزدىچۇ؟ ئۆگەنگەننى كۆرسەك شاكال ئاكتىپ دەيدىغان، كىتاب ئوقۇغاننى كىتاب خالتىسى دەپ مەسخىرە قىلىدىغان ھالەت مەۋجۇت، بۇ بىزنىڭ چۈشكۈنلۈك، بىغەملىك پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىپ بارغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە ماكسىم گوركىنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى ھەدىيە قىلاي: «كىتابنى سۆيۈڭ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى يېنىكلەشتۈرىدۇ، خىلمۇخىل چېچىلاڭغۇ پىكىر، تۇيغۇ، ۋەقەلەرنى چۈشىنىشتە دوستانە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ سىزنى ئادەملەرنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگىتىدۇ، ئۇ دۇنياغا، ئادەملەرگە مېھىر تۇيغۇسىنى بەخش قىلغان ھالدا ئەقلىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانات بېغىشلايدۇ».

**12**

شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، تۇرلۇك ئىجتىمائىي،

ئىقتىسادىي ۋە پسىخىكا، ئالىي، سېزىم قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلىم ـ پەننى، مەدەنىيەتنى بىز ئاران 5 مىليون نوپۇسى بار، شىمالىي ياۋروپادىكى دانىيىلىكلەردەك سۆيەلمىدۇق، قەدىرلىيەلمىدۇق، مىسال ئۈچۈن ئالىدىغان بولساق، دانىيىلىكلەر ئىچىدە چوڭلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى كەچ كۇرۇستا ئوقۇيدىكەن. يۇقىرىدىكى نوپۇس ئىچىدە، 200 ئائىلىنىڭ مۇزېيى بار ئىكەن. كىشى بېشىغا كۈنىگە ئوقۇيدىغان گېزىت بىر پارچىدىن توغرا كېلىدىكەن. ئۇلار كىتابقا بەك ھېرىسمەن بولۇپ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب نىسبىتىدە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. خەلق مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ھەممە ئوقۇغۇچى ھەقسىز ئوقۇيدىكەن، مائارىپ خىراجىتى بىلەن خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ نىسبىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دانىيە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىچىدە ئەمگەك كۈچى سۈپىتى ئەڭ يۇقىرى، تېخنىكا خادىملىرى ئەڭ تولۇق، بىر دۆلەت بولۇپ قالغان. دۇنيا خەلقىگە تونۇش بولغان ئاندىرسىن چۆچەكلىرى دەل ئاشۇ دانىيىدىن چىققانىكەن، لېكىن رېئاللىق تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك سەۋەبلەر بىزگە دانىيىلىكلەردەك ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشنى نېسىپ ئەتمىگەن بولسىمۇ، ئادەتتە ساۋاتى بار ئادەم ئوقۇيالايدىغان كىتاب ئوقۇش ئىشتىياقى ۋە كىتاب خۇمالىقىنىڭمۇ بىزگە نېسىپ بولمىغىنىغا ھەيرانمەن. ئاران 260 مىڭ نوپۇسى بار ئىسلاندىيىدە كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ نىسبىتى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئىسلاندىيە خەلقىنىڭ كىتاب ئوقۇش ھېرىسمەنلىكى، سەنئەتكار ۋە يازغۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىش سوغۇق زىيادە بەك بولىدىغان بۇ دۆلەتكە نۇرغۇن ئىللىقلىق ئېلىپ كەلگەن. نوپۇسى

تەخمىنەن 10 مىليون كېلىدىغان توكيودا يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرۇپ خىزمەتكە بارىدىغان، خىزمەتتىن يانىدىغان ئادەملەر سانجاق - سانجاق قىستىلىپ ئولتۇرۇشىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ياپونىيىلىكلەر بىر قولىدا پويىز ئېسىلغۇسىغا ئېسىلىپ، بىر قولىدا كىتاب ياكى گېزىت تۇتۇپ ئوقۇپ ماڭىدىكەن، ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ياپونىيىدە تەخمىنەن 76% ئادەم بوش ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىكەن. ياپونىيىدە ھەر يىلى سېتىلىدىغان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ سانى 1 مىليارد پارچىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. ئەنگلىيىلىكلەرمۇ كىتاب بازىرىنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيە ئاياللىرى، بولۇپمۇ يېشى چوڭراق ئاياللار ئادەتتە ئەرلەرگە قارىغاندا كىتاب ئوقۇشقا تېخىمۇ ئامراق ئىكەن، تېخىمۇ قىزىقارلىقى 40% ئادەم ھاجەتخانىدىمۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەقەللىسى بىزگە شۇنچىلىك مىجەز، شۇنچىلىك تىرىشچانلىقلارمۇ نېسىپ بولماپتۇ ، نېسىپ بولغان، نېسىپ بولۇش يولىدا تىرىشىۋاتقانلارنىمۇ بىز كۆرەلمىدۇق، چىدىماي مازاق قىلدۇق، كۈلدۇق، بىزنىڭ بىرەرسىگە كىتاب سوۋغا قىلغىنىنى، تەقدىم قىلغىنىنى كۆرسەك، ئاڭلىساق «پەس، چىدىماس، ھېچنەرسە تېپىلمىغاندەك كىتاب ئېلىپ كەلگىنىنى» دېدۇق، قەنت سېيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بالنىتسىدا يېتىپ قالغان دوستلىرىمىزنى يوقلاشقا يەنە قەنت ئېلىپ بېرىپ ئۇنى مازاق قىلغاندەك ئىشلارنى قىلىشقا رازى بولدۇقكى، بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ بېرىپ ئوقۇپ چىقىشقا دەۋەت قىلىشنى بىلمىدۇق. قىسقىسى، بىز كىتاب سوۋغا قىلىش، تەقدىم قىلىش دېگەنلەرنى ئېڭىمىزغا، كاللىمىزغا زادىلا سىغدۇرالماي كەلدۇق، ئويلاپ باقايلى، كىتاب تەقدىم قىلىش، سوۋغا قىلىش دېگەنلەرنىڭ بىز قوبۇل قىلالمايدىغان قانداق يامان

تەرەپلىرى بار؟ بىز يېڭى يىل بايرىمى قاتارلىق تۈرلۈك خاتىرە كۈنلەردە، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنى يوقلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھاراق - تاماكا قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ بېرىپ سوۋغا تەقدىم قىلغاندىن، كىتاب سوۋغا قىلساق تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغان بولمايمىزمۇ؟! تولستوي: «كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى، كىشىلەرنى يۇقىرىغا باشلايدىغان شوتا، كىشىلەرنى مۇكەممەللىشىشكە ئېلىپ بارىدىغان كېمە» دەپ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئېيتقان. خىزمەتداشلارغا، يېقىن دوست - ئاغىنىلەرگە بىرەر ياخشى كىتابنى سوۋغا قىلىش، ئۇلارغا خالىغاندا سىرداشقىلى بولىدىغان ياخشى ئۇستاز ۋە پايدىلىق دوستتىن بىرنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتقانغا تەڭ، ئەقىل - پاراسەتنى ئاچىدىغان بىر ئالتۇن ئاچقۇچ بەرگەن بىلەن باراۋەر، كىتاب سوۋغا قىلىش - يۈكسەك نازاكەتلىك ئىش، كىتاب، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك، ساغلام بولغان مەدەنىي ئىستېلنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى. لېكىن بىز ئۇنى قوبۇل قىلالمىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ نۇرغۇن كىتابخانىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس، شۇڭا، دىرېكتورلار كىتاب كەلتۈرۈشتە ھەرۋاقىت ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە بولۇشقا كۆنۈپ كەتكەن، لېكىن، يەكەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دىرېكتورى ئابلەت مەمەت «ناھىيىمىزدىن كىمنىڭ كىتابى پىلانغا ئېلىنىدىكەن 500 دىن 1000 غىچە تىراژغا مەن ئىگە» دېگەن سۆزدە چىڭ تۇردى. يېنىۋالمىدى، ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال ئىدى، لېكىن باھارنىڭ جۇدۇنى، كۈلكىنىڭ يىغىسى بار دېگەندەك، ئابلەت مەمەتنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى بىر قىسىم مەشھۇرلىرىمىز يوققا چىقاردى.

1997 - يىلى باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئابلەت

مەمەتنىڭ ئىشخانىسىغا بىر شائىر ئۆزىنىڭ ئىككى نەشرىياتتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىلانغا ئېلىنغان ئىككى كىتابىنىڭ تىراژ توپلاش جەدۋىلىنى ئېلىپ كىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. كىتابلارنىڭ بازىرى ئانچە ئىتتىك بولمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئابلەت مەمەت ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھەربىر كىتاب ئۈچۈن 500 دىن تىراژ يېزىپ بەردى، لېكىن ھېلىقى شائىر بۇنىڭغا رازى بولماي:

— ھەي، ھەي، ما ئىش بولمىدى ئابلەتخان، ئىككى كىتابقا ھېچبولمىغاندا 1000 دىن 2000نى يېزىپ بېرىدۇ دېگەن ئۈمىدتە كىرگەن مەن.

— كىرگەنلىرى ياخشى بولۇپتۇ، شېئىر توپلاملىرى ئۈچۈن 500 تىراژمۇ ئاز گەپ ئەمەس ئاكا.

— بىلىمەن، لېكىن مەن يېزىۋاتقان شېئىرلار ئادەتتىكى شېئىرلاردىن ئەمەسقۇ، ئۆزلىرى بىلىلا.

— بىلىمەن، ئادەتتىكى بولمىغىنى ئۈچۈن شۇنداق يازدىم.

— مۇنداق دېسىلە، بولمىسا بۇمۇ يوق دېمەكچىمۇ سىلە، يېزىپ بەرمەيلا ئولتۇرمامىلا بولسا؟

— مېنى خىجىل قىلمىسىلا، يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنمىساق بولمايدۇ.

— بولۇپتۇ، سىلىنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، — دېدى شائىر ئارقىغا بۇرۇلۇپ. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ يەنە غۇدىراپ قوشۇپ قويدى، — شېئىر دېگەننىڭ نىملىكىنى بىلمەيدىغان شۇ ھالىغا دىرېكتورمىش تېخى.

ئابلەت مەمەت ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قانداقتۇر خورلۇققا ئۇچرىغاندەك مۇزلىدى، تىترىدى، قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا يۈگۈرۈپ چىقىپ بۇ بىشەم شائىرنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ئىككى كىتابىنىڭ 1000 تىراژى يېزىلغان تالوننى تارتىۋېلىپ يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى،

ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ بولدى قىلدى، ئۇ خېلىدىن كېيىن سىرتقا چىقىپمۇ يەنە ھېلىقى شائىرنىــڭ باشقا خادىملار ئارىسىدا ئۇنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدىكى قەلەم ئىگىلىرى ئۇچۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەردىم دېگىنىنىڭ ھەممىسى يوققا چىققاندەك بىر ئىش بولغانىدى. كىتاب يازىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى شۇ بولسا، كىتاب ئوقۇيدىغانلار قانداق بولماقچىدى ئەمدى؟! ئۇ بۇ يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئۈمىد قالمىغاندەك خورلاندى، ئۇ بايىقى خاپىچىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىــش ئۇچۇن ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ كىتاب ماگىزىنىغا باردى.

— ياق، ياق ئۇنداق قىلىــشقا بولمايدۇ، كۆرۈپ تۇرۇپلا، بۇ دېگەن كىتاب، خالىغانچە باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتىدىغان بازاردىكى ئۆرۈك - شاپتۇل ئەمەس.

— ئۇنىغۇ بىلىمەن ئۇكا، بىراق يانچۇقۇمدىن چىققىنى مۇشۇ ئىكەن. بۇ كىتابىنى ئالماي كېتىــشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، ئۇكام، بۇنىڭ ئۇچۇن كىتابخانا نامراتلىشىپ كەتمەس، ئۇكام.

— باشلىقىمىز بىزگە ئۇنداق ئۆگەتمىگەن، ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بار، ئاكا، پۇللىرى كەم بولسا، ماۋۇ قولىلىرىدىكى بىر كىتابنى قويۇپ قويسىلا، كېيىن كېلىپ ئالالا، بۇنچىۋالا كىتابنى ئوقۇپ بولۇشقىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ، قېرىغان جانلىرىدا.

— قانۇنغا ئائىت كىتابنى ئالماي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئۇكام، باشلىقىڭىزمۇ بىر كوي ئۇچ موچەن ئۇچۇن سىزنى تەنقىدلەپ كەتمەس، قالغىنىــغا مەن دۇئا قىلىپ قويارمەن سىزگە. . .

كىتاب ساتقۇچى قىز بىلەن ئاپئاق ساقاللىق 70 لەرگە كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل بۇ بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى بىر چەتتە ئاڭلاپ تۇرغان ئابلەت

مەمەت ئاخىر ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى، ئاڭغىچە ماگىزىنچى قىز ئېغىز ئاچتى:
— مانا باشلىقىمىزمۇ كېلىپ قالدى، ئاكا.
— بۇ كىتابلارنى سېتىۋالماقچى ئىدىم، بىر كوي ئۈچ موچەن پۇلۇم كېمىيىپ قالدى، شۇڭا بايامدىن بېرى. . . — دېدى بوۋاي چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ.
ئابلەت مەمەت بىردەم بوۋاينىڭ قولىدىكى بەش - ئالتە پارچە كىتابقا، بىردەم ماگىزىنچى قىزنىڭ شىرەسى ئۈستىگە قويۇپ قويغان چوڭ بىر يۆەنلىك، كىچىك بەش پۇڭلۇقچە بولغان پارچە پۇللار دۆۋىسىگە، بىردەم بوۋاينىڭ كونا ئۈستۈېشىغا قاراپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى.
— ئاكا سىلە بۇ كىتابلارنى نەۋرىلىرىگە ئېلىپ بېرەي دېگەنمۇ؟ — دېدى ئابلەت مەمەت ئەتەي گەپ تېپىش ئۈچۈن.
— ياق، ياق، باشلىق ئۇكام، مېنىڭ نەۋرەممۇ، بالاممۇ، زېمىن ئۆيۈممۇ يوق، بۇ كىتابلارنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن، ئوقۇپ بولۇپ ساقلاپ قويىمەن، ھازىرغىچە سېتىۋېلىپ ئوقۇغان، ئوقۇپ بولۇپ ساقلاپ قويغان كىتابىم 200 پارچىدىن ئاشىدۇ، ئۇكام، كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھەمراھ، ئۇكام، شۇڭا كىتاب ئوقۇغاندا چوقۇم ياخشى كىتابنى ئوقۇش كېرەك، ئادەم ئۆسمۈر چېغىدا كىتاب ئوقۇسا، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئەقىل - پاراستى ئېشىپ پايدىسىنى كۆرىدۇ، چوڭ بولغاندا كىتاب ئوقۇسا، تونۇشى ئۆسۈپ تېز يېتىلىپ تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ، ماڭا ئوخشاش قېرىغاندا كىتاب ئوقۇسا خۇش كەيپ، تەمكىن بولۇپ ئۆمرى ئۇزىرىدۇ. . .
— يەنىچۇ، كىتاب ئوقۇسا، يەنە قانداق پايدىسى بار؟ — دېدى ئابلەت مەمەت بوۋاينىڭ گەپ - سۆزىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ.
— بۇ گەپلەرنى سىلە مەندىن ئەمەس، مەن سىلىدىن سورىسام ياخشى بولاتتى، ئۇكام، سىلىدەك باشلىق بولغانلار

بىلمەيدىغان ھېچنەرسە يوق، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە بارىنى دەي: كىتابنىڭ خاسىيىتى نۇرغۇن، ئۇكام، مىسال ئۈچۈن ئالساق، ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا كىتاب ئۇقۇسا مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنالايدۇ، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۈچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا مەيۈسلەنمەستىن بىلىنى قايتا چىڭ باغلاپ، قەيەردە يىقىلغان بولسا، شۇ يەردە ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ. بىكار چاغلىرىدا كىتاب ئوقۇسا ئادەتتىكى چاغدا «ئىبادەت» قىلغاندەك بولىدۇ ـ دە، جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە «ياسىن سۈيى» ئىچكۈزۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، ئالدىراش چاغدا كىتاب ئوقۇسا، قۇۋۋەت دورىسى تولۇقلاپ تۇرغاندەك بولىدۇ. مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۈچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا، ئەسلى ئاشىقىم كىتاب ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇش — ئادەملىك پەزىلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى، تۇۋرۇكى، يىلىكىدۇر، توغرىمۇ ئۇكام.

— ئاكا، ئىسمىڭىز نېمىكىن؟ — دېدى ئابلەت مەمەت بايىقى شائىردىن يېگەن دەشنىمىنى، شۇ تۇپەيلى پەيدا قىلىنغان بارلىق غەشچىلىكلەرنى بىراقلا ئۇنتۇپ.

— مەن مۇشۇ يۇرتنىڭ، يېپەك يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ يەكەننىڭ قەلەندىرى، ئۇكام، كونا بويى تىلەيمەن، قورسىقىمدىن ئاشقان پۇللارنى يىغىپ كىتاب سېتىۋالىمەن. ئويلىسام مەندىن باشقىلارغا قالىدىغان ھېچ نەرسە يوقكەن. مەلىكە ئامانىسىاخاندەك 12 مۇقامنىڭ ئىجادچىسى، رەتلىگۈچىسى ياشىغان مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ قەلەندىرى تۇرۇپ، يۇرتۇمغا، خەلقىمگە ھېچ نەرسە قالدۇرماي، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ. پۇلنى پۇل پېتى يىغىپ، ساقلاپ قوياي دېسەم، كېيىن ئۇ نەگە خەجلىنىدۇ؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ئويلىسام، كىتاب قالدۇرسام سەل ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغان بولىدىكەنمەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئاكىمىز خېلى جىق ئىشلارنى

بىلىدىغان ئوخشايدۇ، كىتاب ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى شۇدە، — دېدى كىتاب ئالغىلى كىرىپ بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغانلاردىن بىرسى گەپ قىستۇرۇپ.

— ياق، ئۇكام، مەن جىق ئىشلارنىمۇ بىلمەيمەن. پەقەت مۇشۇ قەدىمىي، خەلقى ئەزەلدىن مەدەنىيەتلىك بولغان شەھەرنىڭ قەلەندىرى ئىكەنلىكىمنىلا بىلىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى ئازادە، خاتىرجەم سېزىمەن، بەلكىم سىلەر بىلمىسەڭلار كېرەك، مەتبەئەچىلىكمۇ ئالدى بىلەن يەكەندە ۋۇجۇدقا كېلىپ ئاندىن ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەرگە تارقالغان، كىنوچىلىقمۇ ھەم شۇنداق، 1885 ـ يىلى ئاتۇش ئېكساقتا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىدىن قالسىلا مائارىپ ئالدى بىلەن يەكەندە ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئاندىن ئەتراپتىكى ناھىيە (شەھەر) لەرگە تارقالغان. مائارىپ نەدە بۇرۇن بارلىققا كەلسە، تەرەققىي قىلسا، شۇ ئورۇننىڭ خەلقى بۇرۇن تەرەققىي قىلىدۇ. مەدەنىيەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. 1933 ـ يىلى مانجۇ كۆل بېشىدىكى ئىمىن بەگ دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئۇيغۇرچە بەش سىنىپلىق بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان، بۇ چاغدا تېخى قوشنا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا پەننىي مەكتەپ قۇرۇلمىغان، بۇ مەكتەپكە «مەتلەئىل ئىرفان» (بىلىمنىڭ تۇغۇلۇش ئورنى) دەپ نام قويۇلۇپ، «مەكتىپى مۇبارىكە» دېگەن ۋىۋېسكا ئېسىلغان. 1935 ـ يىلىغا كەلگەندە شەھەر ئىچىدىكى چوڭ قارىيخانىلار ئاساس قىلىنىپ پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، سىنىپ سانى 27 گە، ئوقۇغۇچى 550 دىن كۆپرەككە يەتكەن. شۇ يىلى ھەرقايسى بەگلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا 14 ئورۇندا پەننىي دەرس ئۆتىدىغان 28 سىنىپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 924 كە كۆپەيگەن، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى يەنىلا ئەسلىدىكى قارىيخانىلارنىڭ خەلپەتلىرى ئۇستىگە ئالغان ھەم پەننىي دەرس بېرىدىغان قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1937 ـ

يىلىغا كەلگەندە شەھەر ئىچىدە پەننىي دەرس ئۆتىدىغان سىنىپ سانى ئەڭ كۆپ بولغان «قازان بازىرى مەكتەپ» (ھازىرقى گەيشاڭ مەكتەپ) قۇرۇلغان، كېيىن يەكەندىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرگە يۆتكەپ، پەننىي مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، ئەمدى مەتبەئە مەسىلىسىگە كەلسەك، 1938 ـ يىلىغىچە يەكەندە ھېچقانداق مەتبەئە يوق ئىدى. 1939 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا مىللىي مەتبەئەچىلىك ئورنى قۇرۇلغان. . . سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، قىسقىسى مەن مۇشۇ مەدەنىيەتلىك شەھەرنىڭ قەلەندىرى، مەن ماڭسام بولاتتى، بۇ يەردە بەك ۋايىزلىق قىلىپ كەتتىمغۇ دەيمەن.

— بولدى، ئۇكام، بۇ بوۋاي ئالغان كىتابلارنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى مەن تۆلىۋېتەي، بوۋاينىڭ پۇلىنى قولىغا قايتۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى ئابلەت مەمەت پىرىكازچىك قىزغا قاراپ.

— ياق، ياق، ئۇنداق قىلسىلا بولمايدۇ، باشلىق ئۇكام، — دېدى بوۋاي بىر ئاز جىددىيلىشىپ، — ئۇنداق قىلسىلا مەن رەنجىپ قالىمەن، بىر موچەنلىك يىغقان پۇللىرىمغا كىتاب ئالالىساملا ئاندىن ھاردۇقۇم چىقىدۇ، بولمىسا مېنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ پەقەت ھازىر بىر كوي ئۈچ موچەن پۇل بولسىلا بولاتتى كاشكى.

— مانا — دېدى ئابلەت مەمەت ئەتراپتا يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىۋاتقان بىرقانچە كىشىنى توسۇپ قويۇپ، — مەنلا تۆلەپ قوياي.

بوۋاي رەھمەت ئېيتىپ، كىتابلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بىرسى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندەك ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ، بوۋايغا بىر

خىل ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قاراپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى بايىقى كىيىملىرى كىر، يىرتىق بوۋاي پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن نۇر، زىبالىق يېغىپ تۇرىدىغان بىر «ئىلاھ»، بىر پەرىشتىدەك كۆرۈندى.

بوۋاي بارغانچە يىراقلاپ كەتتى. سۈزۈك ئاسماندىكى قۇياش ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بايامقى شائىر تېپىپ بەرگەن خاپىچىلىقلارنى يىراقلا ئۇنتۇلغان، ئۆزىگە ۋە بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ خەلقىگە، مەدەنىيىتىگە قايتىدىن ئۈمىد ئاتا قىلغان بوۋايغا بىر خىل سۆيۈنۈش ئىلكىدە قاراپ تۇرغان ئابلەت مەمەت بىردىنلا بۇ پەرىشتە سۈپەت بوۋاينىڭ ئىسمىنى ئېنىقلىۋالمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن:

ـــ بوۋا، بوۋا، توختىسىلا بوۋا، ـــ دەپ چاقىرغىنىچە يۈگۈردى.

ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇلار ئەمدى بىر جۈپ «ئىلاھ»، بىر جۈپ پەرىشتە بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

شۇنداق، بوۋاي كېتىپ قالدى، لېكىن بوۋايدىكى كىتاب سۆيۈش ئېڭى، كىتابنى قەدىرلەش تۇيغۇسى ۋە ئۆز يۇرتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئابلەت مەمەتنى سۆيۈندۈردى، ئۇ سۆزلەرنى ھەرقېتىم ئەسكە ئالغىنىدا، يۈرىكىنى تاتلىق بىر خىل تۇيغۇ غىدىقلاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تەپتى - ئۇنى مەڭگۈ، مەڭگۈ روھلاندۇرىدىغاندەك ئەللەيلەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ئۇنىڭ قەلبىدە مۇنۇ يادنامىلەر ھېمىشە جاراڭلايدۇ:

«ئادەم كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇسا، روھىي جەھەتتىن شۇنچە ساغلام، باتۇر بولىدۇ.»

«ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇسىڭىز، نۇرغۇن ئالىيجاناب ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندەك بولىسىز.»

«كىتاب بىلەن بىللە ياشىغان كىشى ھەرگىز ھەسرەت چەكمەيدۇ.»

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي، يەكەن.

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەتكېرىم ئىسمايىل
يۈسۈپجان ئىسمايىل
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلەت جۇمە

# يۈرەككە تۇتاشقان يول

## قۇربان توختى

*

نەشىر قىلغۇچى: يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ئادرېسى: يەكەن ناھىيە بازىرى يېڭىشەھەر يولى 12 ـ نومۇرلۇق قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844700

---

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يولى 19 ـ نومۇر. پوچتا نومۇرى: 844000

---

فورماتى: 1092×787، 1/32؛ باسما تاۋاق: 4
1999 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېسىلدى
تىرازى: 1000 — 1

---

ش ئۇ ئا ر ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش
(1999 ـ يىل) كىنىشكا نومۇرى: 325